ئەسەرلەر گۈلىستانى

# ئىلىم بۈيۈك نېمەتتۇر

(كىتابى ئابدۇللاھ)



شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت ـ فوتو سۈرەت نەشرىياتى
شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن ـ سىن نەشرىياتى

ئۇيغۇر كىتاپ تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ تور ئادرېسى

كلاسسىكلار گۈلىستانى

# ئائىلە بۈيۈك نىمە تىستۇر

(كىتابى ئابدۇللاھ)

پىلانلىغۇچى: مۇرات ئېلى
باش تۈزگۈچى: ئادىل مۇھەممەت
تۈزگۈچى: ئامىنە كىچىك

شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت ـ فوتو سۈرەت نەشرىياتى
شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن ـ سىن نەشرىياتى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

# تۈزگۈچىدىن

ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەن، تارىختا ئۆتكەن مەشھۇر كلاسسىكلارنىڭ ئەخلاق ـ پەزىلەت، تەلىم ـ تەربىيىنى ئاساسىي مەقسەت قىلىپ يازغان ئەسەرلىرى زامانىنىڭ ئۆتۈشى، كىشىلەر ئاڭ سەۋىيىسىنىڭ ئۆسۈشى بىلەن يەنىمۇ ئۆز قىممىتىنى نامايان قىلىپ كەلمەكتە. ئۇلاردا ئالغا سۈرۈلگەن ئىلغار ئىدىيىلەر، ئەخلاقىي دەۋەتلەر قەدىمكى دەۋردىلا ئەمەس، بەلكى بۈگۈنكى دەۋردىمۇ ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، جەمئىيەتنىڭ ئىجتىمائىي ئەخلاق قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە بەلگىلىك رول ئوينىماقتا. بىز دەۋر قەدىمگە ماسلىشىش، تارىختا ئۆتكەن مۇتەپەككۇرلارنىڭ ھاياتىي پائالىيىتى ۋە ئىجادىي ئەمگەكلىرى ئارقىلىق ئەۋلادلارنىڭ مەنىۋى جەھەتتىن يۈكسىلىشىگە ئىلھام بېرىش مەقسىتىدە، كلاسسىكلار قەلىمىگە مەنسۇپ بولغان ئەسەرلەر ئىچىدىن دىداكتىك مەزمۇن ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدىغانلىرىنى تاللاپ «كلاسسىكلار گۈلىستانى» ناملىق بۇ مەجمۇئەنى تۈزدۇق. دىققىتىڭىزگە سۇنۇلۇۋاتقان «ئائىلە بۈيۈك نېمەتتۇر» دېگەن كىتابتا ئەبدۇللاھ پوسكامى (1876-؟) نىڭ ھاياتى ۋە «كىتابى ئەبدۇللاھ» ناملىق ئەسىرىدىكى تەربىيەتلىك مەزمۇنلار، شۇنداقلا ئائىلە ھەققىدىكى ئىلغار كۆز قاراشلار قىسقىچە بايان قىلىندى.

www.uyghurkitap.com

# ئابدۇللاھ پوسكامى ۋە ئۇنىڭ «كىتابى ئابدۇللاھ» ناملىق ئەسىرىدىكى ئائىلىگە دائىر بايانلارنىڭ ئىجتىمائىي قىممىتى[1]

ئابدۇللاھ خەتىب ئاخۇنۇم بىننى مۇھەممەد سادىق ئاخۇنۇم بىننى مۇھەممەدئەمىن ئەلەم ئاخۇنۇم قەشقەرنىڭ پوسكام ناھىيىسى ئۈجمىئېرىق كەنتىدە ھىجرىيە 1294 - يىلى (مىلادىيە 1879 - يىلى) دىنىي مەكتەپلەردە ئوقۇپ تەلىم ئالغان. كېيىن چوڭ دادىسى مۇھەممەدئەمىن ئەلەم ئاخۇنۇم ھۇزۇرىدا بىلىم ئاشۇرۇپ، ئىستېدات ھاسىل قىلغان. ئەبەيدۇللاھ خەتىب ئاخۇنۇم پوسكامى ئۆز دەۋرىنىڭ ئىجتىمائىي ھاياتىغا چوڭقۇر چۆكۈپ، رېئال ماتېرىياللارنى توپلاپ، ئۇيغۇر جەمئىيەتشۇناسلىقى ساھەسىگە مۇھىم تۆھپە قوشقان بۇ كىتابىنى يېزىپ

[1] گۈلنار ئېزىز: «‹كىتابى ئابدۇللاھ› دىكى ئائىلىگە دائىر بايانلارنىڭ ئىجتىمائىي قىممىتى ھەققىدە»، «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 2004 - يىل 2 - سان.

چىققان ۋە ئۇنىڭغا «كىتابى ئابدۇللاھ» دەپ نام قويغان. كىتابتىكى بايانلارغا ئاساسلانغاندا «كىتابى ئابدۇللاھ» نىڭ 19 ـ ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا يېزىلغانلىقىنى پەرەز قىلىشقا بولىدۇ. كىتاب نەزمىي شەكىلدە يېزىلغان بولۇپ، كىتابتا تەبىئەت، جەمئىيەت، كىشىلىك مۇناسىۋەتنىڭ ھەرقايسى ساھەلىرى ھەققىدە ئوبيېكتىپ، ئىلمىي بايانلارنىڭ ئوتتۇرىغا قويۇلغانلىقىغا قارىغاندا، ئابدۇللاھ يۇقىرى مەكتەپ تەربىيىسى كۆرگەن، ئەدەبىيات، جۇملىدىن شېئىرىيەتكە ئالاھىدە قىزىققان ھەم خېلى يۇقىرى بەدىئىي ماھارەت ئىگىلىگەن ئادەم ئىكەنلىكى بىلىنىدۇ. «كىتابى ئابدۇللاھ» جەمئىي 19باب بولۇپ، «ئاۋۋالقى بابى»نىڭ ئىككىنچى بېيىتى «ئاتا ـ ئانا ۋە قاياشلارنىڭ بايانىدا» دېگەن ماۋزۇ ئاساسىدا جەمئىيەتنىڭ ئەڭ كىچىك ھۈجەيرىسى ھەم ئەڭ مۇھىم قۇرۇلمىسىنى تەشكىل قىلغۇچى ئائىلە ئەزالىرىدىن ئاتا ـ ئانا، بۇۋا (بوۋا)، موما، ئاكا، ئۇكا، ئايچا (ئاچا)، سىڭىل، قارىنداش (قېرىنداش)، فەرزەند (پەرزەنت)، نەبىرە (نەۋرە)، ئوغۇل، قىز، كۈيەۋ، خوتۇن، قېيناتا، قېينانا، كۈيئوغۇل، كېلىن قاتارلىقلار ھەققىدە ئايرىم توختىلىدۇ. ئۇلارنىڭ ئائىلە، جۇملىدىن جەمئىيەتتە تۇتقان ئورنى، مۇناسىۋەتلىرى، رولى توغرىسىدا ئۆز كۆزقاراشلىرىنى

ئوتتۇرىغا قويغان. شائىر بۇ بابتا ئائىلىنىڭ تۈۋرۈكى، ئۆينىڭ ئالتۇن قوزۇقى «ئاتا» نى بىرىنچى ئورۇنغا قويۇپ مۇنداق تەسۋىرلەيدۇ:

ئەي يارانلار، لۇتفى ھەقدىن يەر ـ جاھان قىلغان ئاتا،
ۋاي بالام دەپ يەرگە ھاۋلى، ئۆي ـ مەكان قىلغان ئاتا.

شائىر بۇ تەسۋىردىن كېيىن ئائىلىدە بالىنىڭ تۇغۇلغانلىقى، ئۇنىڭغا ئات قويۇش ئۈچۈن ئالاھىدە مېھمان چاقىرىدىغانلىقى، پەرزەنتىنىڭ كىيىم ـ كېچەك، يېمەك ـ ئىچمەكلىرىنى تەييارلاش ئۈچۈن مۇشەققەت چېكىدىغانلىقى، ئەقىل زاكاۋىتىنى يېتىلدۈرۈشكە ھەرىكەت قىلىدىغانلىقى، ئۆيلۈك ـ ئوچاقلىق قىلىپ، يەنە يىل بويى تەربىيە قىلىپ تۇرىدىغانلىقى، نەۋرە ـ چەۋرىلىرىنىڭمۇ ھال ـ ئەھۋالىدىن خەۋەر ئېلىپ تۇرىدىغانلىقى قاتارلىق ئەھۋاللارنى بىرمۇبىر بايان قىلىپ ئۆتۈپ:

سەن قاچان بىلگەيسەن، ئابدۇللاھ، ئاتاڭنىڭ قەدرىنى،
ئايتماغىل بىزنى باقىپ شۇنداق يەمان قىلغان ئاتا.

دېگەن مىسرالار بىلەن ئۇلۇغ ئاتا ھەققىدىكى قەسىدىسىنى ئاخىرلاشتۇرىدۇ. شائىر ئىككىنچى ئابزاسنى «ئانا» ھەققىدىكى بايانلىرىغا بېغىشلىغان. بۇ قەسىدە مۇنداق باشلانغان:

تەڭرىغە بەندە تۇغۇپ دائىم چېكىپ زەخمەت ئانا،
رەنجى زەخمەت بىرلە تۇغقانىغە كۆپ رەھمەت ئانا.

ئانىنىڭ بۇ دۇنيادىكى ئەڭ ئۇلۇغ تۆھپىسىدىن بىرى — پەرزەنت قالدۇرۇش، ئۇ ئىنتايىن جاپالىق بىر ئىش بولسىمۇ، لېكىن ئانىغا نىسبەتەن بالا بەختىنىڭ بېشارىتى. شائىر بۇ خىل جەرياننى مۇنداق تەسۋىرلەيدۇ:

كۆتەرىپ ئون ئاي قوساقتا تۇغسە يەرگە بىر كۈنى،
قىلغۇسى مۇنداغ جەفادا جانىدىن ۋەھشەت ئانا.
ئانى يۇپ پاكىزە ئەيلەپ كۆرفەدە يۆگەپ باقىپ،
ئىچىرۇر ئاغزىغا دەرھال سۈت بىلەن شەربەت ئانا.
قايسى تاتلىق نەرسىنى يەپ تافقۇسى لەززەت ئانا،
تۇغۇلۇپ فۇتى توكار، قولى چولاق، ئاغزى گاچا،
تافسە سالغاي بۇ كوماكىنىڭ ئاغزىغە نېمەت ئانا.
ئۆيدە يوتقان كۆرفە بەلكى جايناماز، ئەسكى كىگىز،

www.uyghurkitap.com

ھەم چاققان، كۆڭلەكنى قاتلاپ فوق بىلەن مېھنەت ئانا.
بەئىزى ئاشخەز، بەئزى نانباي، بەئزى سەيفوڭلۇق قىلىپ،
قاچانى يۇپ، فوق ئېرىغلاپ، سوفۇرۇپ ئەخلەت ئانا.
ھاجىلار ئىككى ھەرەمدە تەڭرىنى تافتى دېسەم،
ھەقنى تاپماقلىق رىزايى ئۆيدەكى دەئۋەت ئانا.
خاتۇن ئال دەيدۇر ھەمە راستۇر ئاڭا ئال تۇشكەنى،
ئوغلىنى ئالداپ بۇ دۇنيادىن قىلۇر رىھلەت ئانا.
يىغلىغان بىرلە تىرىلمەي كەتكۇسى يەر قەئرىگە،
تاپماغاي بىر كۇن ئەجەلنىڭ دوستىدىن مۆھلەت ئانا.
بالانى دەپ روزگارنىنىڭ راھەتىدىن ئايرىلىپ،
مۇز بۆشۇك بىرلە كۆرەلمەي لەززەتى شەھۋەت ئانا.
بىلسەڭ ئابدۇللاھ، سېنى ھەم شۇنچە باققاندۇر ئانا،
ئايتماغىل شولى خىزمەتنىڭ ئورنىغا لەئنەت ئانا.

ئانا ئۇلۇغ، ئانا ئەڭ جاپاكەش، ئەڭ ئىشچان، بارلىق مۇشكۇلاتلارنى، ئېغىرچىلىقلارنى زىممىسىگە ئالغۇچى ۋە ئۇنى يەڭگۇچى. ئانىنىڭ ئۇلۇغ مېھنىتى بالا تۇغۇش، ئانىنىڭ سېھىرلىك چىرىغىنى يورۇتۇش، ئۆيگە زىننەت بېغىشلاش. ئانىنىڭ بۇيۇك ئەمگىكىنى كۆرمەسلىك، ئۇنى چىن كۆڭلىدىن توغرا باھالىيالماسلىق ئادىمىيلىك ۋىجدانىغا، ئەخلاقىي پەزىلەتكە، قەلب گۈزەللىكىگە

مۇناسىۋەتلىك چوڭ ئىش. مەدەنىي ئىنساننىڭ خاراكتېرىنى ئۆلچەيدىغان سىناق تېشى. شائىر ئابدۇللاھ ئۇيغۇر خەلقى ئارىسىدا ئەۋلادمۇئەۋلاد ساقلىنىپ كېلىۋاتقان ئانىلارنى ئۇلۇغلاش، ئۇلارغا ھۆرمەت - ئېھتىرام بىلدۈرۈشتەك ئېسىل ئەخلاق - پەزىلەتنى يارقىن، تەسىرلىك، جانلىق تەسۋىرىي بايانلار بىلەن سۈرەتلەپ، كىشى قەلبىنى چەكسىز ھاياجانغا سالىدۇ. سۆيۈنۈش ئىلكىدە ئېيتىشنى خالايدۇ.

شائىر ئابدۇللاھ ئاتا بىلەن ئانىدىن ئىبارەت بۇ بىر جۈپ كۆزگە چىن يۈرىكىدىن چىققان مەدھىيە ناخشىسىنى ئېيتىپ تۈگەتكەندىن كېيىن، چوڭ دادا، چوڭ ئانىلار چوڭ ئوغۇل ياكى كەنجى ئوغۇل بىلەن، بەزىدە خالىغان بىر ئوغلى بىلەن بىرگە بىر ئۆيدە تۇرمۇش كەچۈرىدۇ. بۇنداق ئەھۋالدا ئۇلار ئائىلىنىڭ ئەڭ مۆتىۋەر كىشىلىرى سۈپىتىدە ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە كۆتۈلىدۇ ۋە ئىززەتلىنىدۇ. چوڭ دادا، چوڭ ئانىلارمۇ بىكار ئولتۇرۇپ، تەييارنى يەپلا يۈرمەيدۇ. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ پۈتۈن زېھنىنى ۋە كۈچ - قۇۋۋىتىنى بالىلىرى ۋە نەۋرىلىرىنىڭ ئىشلىرى، ئۆسۈپ - يېتىلىشىگە، چوڭ ئائىلىنىڭ ئۈزلۈكسىز روناق تېپىشىغا سەرپ قىلىپ تۇرىدۇ. شائىر چوڭ دادا، چوڭ ئانىلارنىڭ ئائىلىدىكى ئورنى ۋە رولىنى ئوبيېكتىپ تۇرمۇشقا يېقىن، جانلىق بىلەن

سۇرەتلەپ، كىشىنى چوڭقۇر تەربىيىۋى بىلىمگە ئىگە قىلىدۇ. چوڭ دادىنىڭ ئۆز باللىرىنى بېقىپ قاتارغا قوشۇپلا قالماستىن، نەۋرىلىرىگىمۇ كۆڭۈل بۆلىدىغانلىقىدىن ئىبارەت تۇرمۇشىنىڭ ئەڭ ئىنچىكە تەپسىلاتىنى مۇنداق تەسۋىرلەيدۇ:

ئەھلى فەرزەندىنى ياخشى يولغە سالماقدۇر غەرەز،
نەبرەنى ئادەم قىلىپ بائىس ئەدەبدۇر چوڭ دادا.
بۇ باسىنىڭ ياخشىلىق فەرمانىغا قىلسە خىلاف،
شول زەمان ئول نەبرەغە كۆڭلى غەزەبدۇر چوڭ دادا.

ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە ئائىلە بىرقانچە قاتلامدىن تەركىب تاپقان چوڭ بىر ئىجتىمائىي قۇرۇلما بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭدا دادا، ئانىنى ئوق مەركىزى قىلغان ھالدا چوڭ دادا، چوڭ ئانا يۇقىرى قاتلامنى تەشكىل قىلسا، ئاكا، ئۇكا (ئوغۇللار)، ئاچا، سىڭىل (قىزلار)، قېرىنداش، پەرزەنت (باشقا باللار) لەر تۆۋەن قاتلامنى، نەۋرە (ئوغۇل نەۋرە، قىز نەۋرە) يەنە بىر قاتلامنى، كۈيئوغۇل، كېلىن ئۇنىڭدىن كېيىنكى قاتلامنى، قېيناتا، قېينانا ئەڭ سىرتقى قاتلامنى تەشكىل قىلىدۇ. شائىر ئابدۇللاھ بۇ خىل ئىجتىمائىي قۇرۇلمىنى ئۇيغۇر جەمئىيىتىدىكى ئائىلە فورماتسىيىسىنىڭ تۈزۈلۈشىگە ئۇيغۇن ھالدا توغرا ۋە ئىنچىكە تەسۋىرلەپ، ئۇلارنىڭ

ئائىلە قۇرۇلمىسىدا تۇتقان ئورنىنى ۋە رولىنى ئىپادىلەپ كۆرسەتكەن.

ئۇيغۇرلارنىڭ فېئوداللىق جەمئىيەتتە ئەرلەر ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدىكى جەمئىيەت بولغانلىقى ئۈچۈن، شائىر ئابدۇللاھ بۇ نۇقتىنى گەۋدىلەندۇرۇشكە ئالاھىدە ئەھمىيەت بەرگەن. مەسىلەن: ئۇ ئاتا ـ ئانا، بوۋا ـ موما، ئاكا ـ ئاچا، ئۇكا ـ سىڭىللارنى تەسۋىرلىگەندە ئەر جىنسىنى ھامان ئالدىدا بايان قىلىدۇ. ھەتتا ئوغۇل نەۋرىنىڭ تەسۋىرىمۇ قىز نەۋرىدىن بۇرۇن، قېيناتا قېينانىدىن، كۈيئوغۇل كېلىنىدىن بۇرۇن تەسۋىرلەنگەن.

ئومۇمەن، شائىر ئابدۇللاھنىڭ «كىتابى ئابدۇللاھ» ناملىق بۇ ئەسىرىدىكى ئائىلە ۋە ئائىلە ئەزالىرىغا دائىر بايانلار ئەينى زامان ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ مۇھىم قۇرۇلمىسى بولغان ئائىلە فولكلورىنىڭ ناھايىتى ياخشى تارىخي خاتىرىسى بولۇپ، ئۇنىڭ ماتېرىياللىق قىممىتى ئىنتايىن يۇقىرى. ئائىلە مەدەنىيىتى، ئېتنوگرافىيە تەتقىقاتى، ئائىلە قۇرۇلمىسىنىڭ ئۆزگىرىشى، ئائىلە ئەزالىرىنىڭ ئادەت ـ قائىدىلىرى، ئالاقە ـ مۇناسىۋەتلىرى، ھەرىكەت ـ قىلىقلىرى، نام ـ ئاتاقلىرى قاتارلىقلارنى ئۆگىنىش، تەتقىق قىلىشتا تېپىلغۇسىز ياخشى ماتېرىيال بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى مەجبۇرىيەت ۋە بۇرچ، تىل تەتقىقاتى قاتارلىق ساھەلەرنى بىلىش ۋە مۇھاكىمە ـ تەھلىل قىلىشتا كۆپ قۇلايلىقلارنى بېرىدۇ، دەپ ئېيتىشقا بولىدۇ.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورىكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

# ئائىلە نۇرانە مەدەنىيەت ۋە ئەخلاق بارگاھى

ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن

ئائىلە بىلەن كىشىلىك، ئائىلە بىلەن مىللەت ئىنتايىن يېقىن بىر جۈپ مەدەنىي ئۇقۇم. ئائىلە — ئىنسان ماددىي تۇرمۇشى ۋە مەنىۋى تۇرمۇشىنىڭ ھەربىر ئىندىۋىدۇئالى ئۈچۈن ئاساسلىق ئىجتىمائىي بىرلىك قاتلىمى. ئائىلە — نوقۇل مەنىدىكى ئىككى جىنس قوشۇلمىسىنىڭ قانۇنىي شەكلى بولۇپ قالماي، ئۇ يەنە، ئىنسان ئەۋلادلىرىنىڭ تەۋەللۇتگاھى؛ مېھىر ـ شەپقەت، ئەقىل ـ ئىدراك، ئەخلاق ـ ئادەت، بىلىم ـ مەدەنىيەتنى يېتىشتۈرىدىغان تۇنجى مەكتىپى؛ قوشنىلارغا، ئىلىم ئوچاقلىرىغا، جەمئىيەتكە، كىشىلىك دۇنياسىغا يۈزلىنىدىغان بىرىنچى بوسۇغىسى؛ ئۆمۈر ئەجرىلىرىنىڭ ئەڭ مۇپەسسەل مۇزېيى؛ كۆڭۈل جاراھەتلىرىنىڭ ئەڭ ئىشەنچلىك شىپاخانىسى؛ كىشىنى مەڭگۈلۈك دۇنياغا ئۇزىتىدىغان مۇسەببەت ئۆيى؛ ئەۋلادلار شەجەرىسىنىڭ

يىلتىز ۋە شېخى؛ مىللەتنى قۇيۇپ چىقىدىغان قېلىپ.
ئائىلە بىلەن كىشىلىك، كىشىلىك بىلەن ئائىلە قان بىلەن مۇسكۇلدەك يېقىن بولۇپ، ئائىلىسىز كىشىلىكنى، كىشىلىكسىز ئائىلىنى تەسەۋۋۇر قىلىش مۇمكىن ئەمەس.
كىشىلىك ئىچىدە ياشاپ كىشىلىكتىن خەۋەرسىز خۇراپات، پالچىلىق، موللا تاپىقاقلىقتا ئەقىدە قىلىپ ئالەمدىن كېتىدىغان كىشىلەر ساناقسىز بولغاندەك، ئائىلىدە ياشاپ ئائىلە ھەققىدە ئىلمىي تونۇشتىن مەھرۇم بولۇپ، ئۆزى بىلگەن ياكى باشقىلاردىن ئاڭلىۋالغان نادانلىق چۈشەنچىلىرى بىلەن ھايات يولىنى لاي سۇدەك ئاخىرلاشتۇرىدىغان ئادەملەرمۇ ھېسابسىز!
ئائىلە — قۇرامىغا يەتكەن يىگىت - قىزنىڭ ئۇچۇرما بولغان قۇش باچكىلىرىدەك قانات قېقىپ قونۇشقا تەمشىلىدىغان باراقسان بېغى! ئەمما، نۇرغۇن يىگىت - قىزلار، ئەر - ئاياللار، ھەتتا بوۋاي - موماي لارمۇ ئائىلە دېگەن نىكاھتىن كېيىن باشلانغان تۇرمۇش دەپلا قارايدۇ. مىللىتىمىزدە سادىر بولۇۋاتقان، ئائىلە قۇرغانلاردا سادىر بولۇۋاتقان، مىللەتنىڭ مەنىۋى ساپاسىغا داغ سېلىۋاتقان بىر قاتار نۇقسانلار، ئىللەتلەر، بەختسىزلىكلەرنىڭ بىزنىڭ ئائىلە ۋە كىشىلىك ھەققىدىكى قاراشلىرىمىزنىڭ ئېچىلمىغانلىقى، بۇنىڭ ئىلمىي ئاڭ ۋە روھىي

تەييارلىقسىزلىق بىلەن بىۋاسىتە مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىنى ھېس قىلغانلار زادى قانچىلىك؟! بىزنىڭ قاۋۇل يىگىتلىرىمىز بىلەن نازۇك قىزلىرىمىز بالاغەتكە يەتكەندىن كېيىن مۇھەببەت ۋە ئائىلە ھەۋەسلىرىگە گىرىپتار بولسىمۇ، ئۇلار بۇ جەھەتتە ھېچقانداق زۆرۈر تەربىيە كۆرمەيلا نىكاھلىق بولىدۇ، پەرزەنتلىك بولىدۇ. ئۇلار تۇرمۇش سەپىرىدە تېزلا كۇتۇلمىگەن زىددىيەتلەرگە دۇچ كېلىپ، شامالدا دومىلىغان قامغاقتەك تەمتىرەيدۇ، بوھران ۋە پاجىئەلەرگە يولۇقىدۇ. بۇ ئوڭۇشسىزلىقلار ئۇلار ئارقىلىق پەرزەنتلىرىگە، ئۇلارنىڭ دوستلىرىغا، پۈتۈن جەمئىيەتكە كۈچلۈك مەنىۋى لەرزە، ھەتتا روھىي بۇلغىنىش ئېلىپ كېلىدۇ. يىللار، ئەسىرلەر جەريانىدا بۇ ئىللەت ۋە بۇلغىنىشلار مىللەتنىڭ مەنىۋى قىياپىتى، جىسمانىي ساپاسى، مەدەنىيەت ئەنئەنىسى ۋە تۇرمۇش ئادىتىگە ئېغىر، ھەتتا ھالاك قىلغۇچى تەسىر كۆرسىتىدۇ.

ئائىلە — ئەڭ قەدىمكى ئىجتىمائىي كاتېگورىيە. ئىنسانىيەت پەيدا بولۇپ، جەمئىيەت شەكىلدە تەشكىللەنگەندىن كېيىن ئائىلە تەدرىجىي ئىجتىمائىي ئىنسان تۇرمۇشىنىڭ ئاساسىي پائالىيەت بىرلىكى بولۇپ قالدى. ئىنسانىيەت جەمئىيەتنى قايسى ئىجتىمائىي تۈزۈم قاتلىمىغا كۆتۈرمىسۇن، ئائىلە شەكلى قايسى خىل

خاراكتېردا راۋاجلانغان بولمىسۇن، ئائىلە ئىنسانىيەت بىلەن بىللە، ئىنسانىيەت جەمئىيىتى بىلەن بىللە ساقلاندى ۋە راۋاجلاندى.

ئائىلە — ئەڭ پائالىيەتچان ئىجتىمائىي تۇرمۇش كاتېگورىيىسى. ئۇ بىر تەرەپتىن، پۈتۈن ئىنسانىيەتنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئەڭ ئومۇمىي ئىجتىمائىي تۇرمۇش تەشكىلى. يەنە بىر تەرەپتىن، پۈتۈن ئىنسانىيەتنىڭ كۈندىلىك پائالىيەت ۋە مەشغۇلاتى بىلەن تۇتاشقان دائىمىي جىددىي ھەرىكەت ئىچىدە تۇرىدىغان ئىجتىمائىي كاتېگورىيە. مۇھەببەت، نىكاھ، تۇغۇت، ئائىلە تەربىيىسى، كۈندىلىك مەئىشەت، كىيىم-كېچەك، قېرىلارنى كۈتۈش، قىز چىقىرىش ۋە ئوغۇل ئۆيلەش، ئۆلۈم - يېتىم، ئائىلە زىددىيەتلىرى، ئائىلە داۋالىرى، مېھماندارچىلىق، ئىجتىمائىي مۇناسىۋەت، ئۇرۇق - تۇغقانلىق نەسەپدارچىلىقى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ئائىلىنىڭ دائىمىي جىددىي ھەرىكەتتە تۇرىدىغان ئىجتىمائىي مېخانىزم ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

ئائىلە — ئىجتىمائىي بەخت - سائادەت ياكى تۇرمۇش پاراكەندىچىلىكى ئىپادىلىنىدىغان مەركىزىي ھالقا. كىشىلىكنىڭ پۈتۈن ئۇتۇقلىرى، ھەر بىر شەخسنىڭ پۈتۈن مۇۋەپپەقىيەتلىرى ئاخىرقى ھېسابتا،

مەيلى ئۇ پادىشاھ ياكى پۇقرا، سەركەردە ياكى ئەسكەر بولسۇن، ئوردا تەختلىرىدە، جەڭ بارگاھلىرىدا ئەمەس، ئائىلىدە ئىنسانىي بەخت ـ ھالاۋەت، پەخىر ـ ئىپتىخار قىممىتىنى تاپىدۇ.

پۈتۈن ئائىلىلەر بەختلىك بولالمىغىنىدەك، پۈتۈن ئائىلىلەر بەختسىز ئەمەس. بەخت ـ سائادەت ئومۇمەن ئىجتىمائىي مەسىلىلەر بولۇش بىلەن بىللە، يەنە ئائىلىنىڭ مەسىلىدىن ئىبارەت.

ئائىلىدە بەخت كۆرمىگەن كىشى ئائىلە سىرتىدىن بەخت كۆرۈشى مۇمكىن ئەمەس. ۋەھالەنكى، خېلى كۆپلىگەن كىشىلەر ماددىي بايلىق ۋە مەئىشەت پاراۋانلىقىنى ھەقىقىي بەخت دەپ چۈشىنىدۇ، بۇ يولدا تەرسالىقتا چۈشۈپ گەرچە ماددىي مەئىشەتكە ئېرىشسىمۇ، ئائىلىنىڭ بەخت ـ سائادەتنى ئاللىقاچان بۇزۇۋالغان بولىدۇ.

ئائىلە ئىچىدىكى گۈزەل ۋە گارمونىك مۇناسىۋەت، بولۇپمۇ ئائىلە ئاساسى بولغان ئەر ـ خوتۇننىڭ خاتىرجەم ھەم ئېھتىياتچانلىق بىلەن بىر ـ بىرىگە بولغان ھەقىقىي ئىشەنچىسى، ئەخلاقىي پاراۋەرلىكى، گۈزەل مەپتۇنكارلىقى ئىجتىمائىي بەختنىڭ ئائىلە ۋە شەخسىي تۇرمۇشتا بەرقارار تېپىشىنىڭ ئۇلى ھېسابلىنىدۇ. ئەر ـ

خوتـۇن مـەيلى يېـڭى ئائىلـە، مـەيلى قـەدىناس ئائىلـە ئـەزالىرى بولسـۇن نوقـۇل ئىقتىسـادىي كـىرىم قىلىـپ بەرگــەنلىكى، پــەرزەنت تۇغــۇپ بەرگــەنلىكىنى پــەش قىلماسلىقى، ئائىلە تارىخىنىڭ ھەر خىل خەتـەرنى يېڭىپ مۇســـتەھكەملىنىپ كەلگــــەنلىكىدىن بــــەخىرامان بولماســلىقى، مــاددىي مەئىشــتى يــاكى ئىجتىمــائىي ئابرۇيىدىن مەست بولۇپ قالماسلىقى، دائىما مۇھەببەت ۋە روھىي مەمنۇنىيەت بىلەن تەربىيىلەشنى ئائىلە بەختى ۋە ئائىلە ئىناقلىقىنىڭ ئاساسى قىلىشى لازىم.

ئائىلــە ـــ تۇرمۇشــنىڭ ئاســاســي ھۈجەيرىســى، ئىنســانىي بــەختىنىڭ تــۈپ قورغىــنى. ئائىلــە ـــ كىشــىلەرنىڭ ئــۆمۈر گۈلشــنى! ئــەر ـ ئايــال، دەل بــۇ گۈلشەننىڭ ئىككى باغۋىنى بولۇشى لازىم. مەپتۇنكارلىق ۋە مەپـتۇن بولـۇش ـــ ئائىلـە مۇھـەببىتىنىڭ ھاياتـي ئىقتىدارى، ئـائىلىدە مـەنىۋى رىشـتىنىڭ مـەۋجۇتلۇقىنىڭ ئۆلچىمى بولۇپ، ئائىلىدىكى روھىي كەيپىيات، ئائىلىنىڭ «تېتىقى» دەل مۇشۇ مەپتۇنكارلىقا باغلىق، ئۇنىڭسىز ئائىلە پەقەت مـەجبۇرىي ماتالغان ساندۇقا ياكى ھاياتـي كۈچىدىـن ئايرىلغـان گـۈل خازىنىغـا ئوخشـايدۇ. بۇنـداق ئائىلــە بەختســىزلىك، زېرىكىشــلىك ئىچىــدە، خــۇددى يەلكەنسىز كېمىنىڭ دېڭىزدىكى ئەنسىز سەپىرىدەك قايغۇ ـ

خاۋاتىر ئىچىدە بۇرۇقتۇرما بولۇپ قالىدۇ.

ئائىلە، ئەگەر ساڭا بەخت بېغىشلىمىسا، باشقىچە ئېيتقاندا، سەن ئائىلىنى بەختىيار ئائىلە قىلىپ ئۇيۇشتۇرۇشنىڭ بىر قاتار غەيرىي ماددىي، غەيرىي مەنىشەتلىك مەنىۋى شەرتلىرىنى ھازىرلىمىساڭ، سەن خۇددى خەلق ماقاللىرىدا «دەريادا بېلىق ئۈسسۇز» دېگىنىدەك ئائىلىۋى بەخت ـ سائادەتكە ئىگە بولالمايسەن.

ئائىلىۋى تۇرمۇشتا بەختسىز بولغان كىشى ئومۇمەن تۇرمۇشتا يېڭىلگەن، بەختسىز كىشىدۇر.

بىز كۆپ ھاللاردا ئائىلىنىڭ ماددىي سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ئەمەس، بەلكى مەنىۋى سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن بەختسىزلىك بوھرانىغا دۇچ كېلىدىغانلىقىنى كۆرىمىز. بۇ مەنىۋى سەۋەبلەر ئىدىيە، ئېتىقاد، ئەخلاقىي ئۆلچەم جەھەتلىرى بىلەن ئائىلىۋى تۇرمۇش سەنئىتى ۋە ئېستېتىكىسى جەھەتلەردىن مەيدانغا كەلگەن بولۇپ، ئۇنى ئاڭلىق بىلىپ، تەشەببۇسكارلىق بىلەن مۇۋەپپەقىيەتلىك ھەل قىلالمىغان ئائىلىلەر يەنىلا خېلى سالماقلىق سانىنى ئىگىلەيدۇ.

ئائىلە گەرچە جىنسىي تۇرمۇش ۋە جىنسىي مۇھەببەت سارىيى، شەخسنىڭ ھايات قورغىنى بولسىمۇ، ئۇ نوقۇل ۋە

مۇتلەق مەنىدىكى خۇسۇسىي تۇرمۇش روزغارى ئەمەس.
ئائىلە مۇھىم ھەم مۆجىزىلىك ئىجتىمائىي تۇرمۇش ئۇيۇشمىسى. ئۇنىڭ ئۆز ئىچكى ئىشلىرىنى قانداق بىر تەرەپ قىلىشى ياش ئەۋلادلارنىڭ كېلەچىكىگە، پۈتۈن جەمئىيەتكە كۈچلۈك تەسىر كۆرسىتىدۇ.
ئائىلە — تەتقىق قىلىنىشى لازىم بولغان ئىجتىمائىي - گۇمانىتار ئىلىم تارمىقى، شۇنىڭ بىلەن ھېچكىم مۇستەسنا بولمىغان ھالدا ھازىرلىشى لازىم بولغان مەرىپەت «فوندى». ھەممە ئادەم ئۆز ئائىلىسىدە، ئۆز ئائىلىسى ئارقىلىق ئۆز بەختىنى تەشكىللىشى، ئۆز ئوبرازىنى جۇلالاندۇرۇشى، ئۆزىنىڭ ئىنسانلىق قەدىر - قىممىتىنى تېپىشى، ئۆزىنىڭ پەرزەنتلەر ئالدىدىكى، ئاتا - ئانا ۋە پېشقەدەملەر ئالدىدىكى، پۈتۈن مىللەت ۋە ئىنسانىيەت ئالدىدىكى ئىنسانىي - ئىجادىي تۆھپىكارلىق مەجبۇرىيەتلىرىنى بەجا كەلتۈرۈشى تامامەن زۆرۈر.
ئائىلە — ھەممە كىشى، پۈتۈن جەمئىيەت، ھەر ساھە غەمخورلۇق قىلىشى لازىم بولغان مىللىي تۇرمۇشنىڭ «ئۆرۈقى». ئائىلىدىن ئائىلىلەر سىستېمىسى — جەمئىيەت، ئىنسانلار تۈركۈمى — مىللەت تۆرىلىدۇ، ئۆسۈپ يېتىلىدۇ. ئائىلىلەرنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى، ئەقلىي ۋە ئەخلاقىي شارائىتى ۋە قىياپىتىگە ئېتىبارسىز قاراش

جەمئىيــــەت ۋە مىللــــەت، ئىنســــانىيەتنىڭ رېئــــال ۋە كەلگۈسىگە ئېتىبارسىز قاراش ھېسابلىنىدۇ. روشەنكى، سىياسىي، ئىدىيىۋى، ئىقتىسادىي، تېخنىكىۋى پۈتۈن ساھەدىكى غايە، پىلان، تۈزۈلمە، ئىسلاھات، مەبلەغ ۋە ئەمگەك ئەڭ ئاخىرىدا ئائىلىدىن ئىبارەت مۇشۇ تۇرمۇش ھالقىسىدا خاراكتېرغا، باھاغا، قىممەتكە، ئۆلچەمگە ئىگە بولىدۇ.

«ھەممە ئىنسان ئۈچۈن، ئىنساننىڭ بەخت - سائادىتى ئۈچۈن» دېگەن ئىنسانپەرۋەر قاراش ۋە پائالىيەت ئائىلىلەر ئارقىلىق رېئال ھاياتىي كۈچكە ئىگە بولىدۇ.

ئائىلە ئېگى ئېغىزدىلا ئەمەس، ئەمەلىي تۇرمۇشتا، بىر بۆلەك ئاپتورلار ئىشكاپىدىلا ئەمەس، پۈتۈن ئائىلىدە، ئائىلە باشلىقلىرى بولغان ئاتا - ئانىلاردىلا ئەمەس، پۈتۈن ئىنسان نەسلىدە ھازىرلىنىشى لازىم بولغان ئاڭدىن ئىبارەت. ئۇنى ھاۋالە قىلغىلى، باشقا كىشى ئۈچۈن ۋاكالەت قىلغىلى بولمايدۇ.

ئائىلە جەمئىيەتنىڭ پۈتۈن گەۋدىسىنى ئۇيۇشتۇرغان ھاياتبەخش ھۈجەيرە؛ ئائىلە مىللەتنى تەۋەللۇت قىلىپ، يېتىلدۈرىدىغان ئانتروپولوگىيىلىك بوۋاق؛ ئائىلە جەمئىيەتنى كەلگۈسىگە ئېلىپ ئۇچىدىغان بۈركۈت قانىتى؛ ئائىلىسىز مىللەت ۋە جەمئىيەت مەۋجۇت ئەمەس.

ئائىلە جەمئىيەت پاراۋانلىقىنى كىشى بېشى ۋە پۈتۈن (ئائىلە) بېشىغا تەقسىم قىلىپ باھالايدىغان مىزان.

ئائىلە گەرچە ئىشكىلىرىگە قۇلۇپ سېلىنىدىغان، خاس مورىلاردىن تۈتۈن چىقىرىدىغان ئىقتىسادىي بىرلىك بولسىمۇ، ئۇ جەمئىيەتنىڭ، مىللەت ئۆيۈملىرىنىڭ بىر ياچېيكىسى. ئۇ جەمئىيەت گۈللەنگەندە گۈللىنىش مۇھىتىغا ئېرىشەلەيدۇ، جەمئىيەتتىن ئوزۇق ئالىدۇ ۋە جەمئىيەتكە تۆھپە قوشىدۇ. ئۇنى جەمئىيەت تىزگىنلەيدۇ ۋە ئۇ جەمئىيەتكە تەسىر كۆرسىتىدۇ. بالىلار تەربىيىسى جەمئىيەتتىن، تەربىيە ۋە قانۇندىن ئايرىلالمىغاندەك، ئائىلىنىڭ تەربىيىۋى رولىدىنمۇ خالىي بولالمايدۇ. جەمئىيەتتىن خالىي ئائىلە مەۋجۇت ئەمەس. ئىنسان ئائىلە ئارقىلىق كىشىلىك جەمئىيىتى بىلەن تۇتۇشىدۇ.

ئائىلە — جەمئىيەت بولۇپ ئۇيۇشقان ئىنسانىنىڭ تۇرمۇش، مۇئامىلە ۋە نەسىل قالدۇرۇشىدىكى ئاساسىي ئىجتىمائىي قاتلىمى بولۇپ، ئائىلىگە تۇتاشمايدىغان ئىجتىمائىي ئىنساننى ۋە ئىنسانغا چېتىلىشمايدىغان ئىجتىمائىي ئائىلىنى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايدۇ.

ئائىلە — ئەخلاق بۆشۈكى بولۇپ، ياخشى - يامان نىيەت، ئاخلاقىي چۈشەنچە ۋە ئادەتلىرىمىزنىڭ بىرىنچى «ئانا قارنى» ياكى مۇنبەت زېمىنىدىن ئىبارەت.

ئائىلە ئەخلاقى — ئائىلىدىن ئىبارەت كىچىكلىتىلگەن جەمئىيەت ياكى «مەملىكەت» نىڭ ئىچكى قىسمىدىكى مۇناسىۋەتلەرنى تىزگىنلەيدىغان دەستىگاھ ۋە ئەكس ئەتتۇرىدىغان ئەينەك بولۇش بىلەن بىللە، يەنە ئۇ كەسپىي ئەخلاق، ئىجتىمائىي ئەخلاقنىڭ يىلتىزى ۋە ئۇلىدىن ئىبارەت. مۇشۇ مەنىدە ئائىلە ئەخلاقىنىڭ تەسىر دائىرىسى ۋە ئىجتىمائىي قىممىتى ئائىلە كاتېگورىيىسىدىن چوڭدۇر، دېگەن فورمۇلىنى ئوتتۇرىغا قويۇشقا بولىدۇ.

ئائىلە ئەخلاقى — ھەر بىر ئادەم سۇبيېكتىدىكى بىرىنچى ئىنسانىي مەنىۋى روھ، بىرىنچى خاراكتېر تۈزۈلمە فوندى، بىرىنچى ئوبيېكتىپ دۇنياغا يۈزلىنىش دەھلىزى بولۇپ، ھەر بىر يەككە ئادەمنىڭ ئەخلاق «گېنېئالوگىيە مەيدانى» دىن ئىبارەت. ئائىلە ئەخلاقى شۇ شەخسنىڭ ئۆز ئىستىقبالىنى قازىدىغان مېتىن قورالى، ئۆز تارىخىنى يازىدىغان قەلىمى، ئۆز ئوبرازىنى تاراشلايدىغان ھەيكەلتىراش پىچىقى ھېسابلىنىدۇ. ھەركىم ئۆز ئەخلاقى ۋە پائالىيىتى بىلەن ھايات دېڭىزىغا يەلكەن سالىدۇ، ئائىلە ئېكىنزارلىقىغا ئۇرۇق چاچىدۇ. بۇنداق خۇسۇسىي — ئىندىۋىدۇئال ئەخلاق ھەممىدىن ئىلگىرى ئۇ ئۆسكەن ۋە ئۇ باشقۇرغان ئائىلىدە ھازىرلانغان بولىدۇ. ئائىلىدە

تىكلەنگەن ئىزگۈ ئەخلاق ـ پەزىلەتنى ئىجتىمائىي تۇرمۇش بوران ـ چاپقۇنلىرى ئاسان نابۇت قىلالمىغاندەك، ئائىلىدە «زاكىسىدىن تەگكەن» قەبىھ ئىللەتنى جەمئىيەتنىڭ تەربىيىسى ۋە قانۇننىڭ جازالىشى بىر يولدا تۈزەپ كېتەلمەيدۇ. مۇشۇ نۇقتىدىن ئائىلە تۇنجى ئەخلاق ئوچىقى ۋە مەكتىپى.

ئائىلە ئەخلاقى تولىمۇ كونكرېت تېما. ئۇ ھەرقايسى تارىخىي دەۋرلەر، ھەر قايسى مەدەنىيەت تۈركۈملىرى، ھەر قايسى ئىجتىمائىي تەبىقىلەر ئۈچۈن پۈتۈنلەي بىردەك ئەمەس، شۇنىڭدەك بۇنداق كونكرېتلىق ئىچىدە مۇئەييەن تارىخىي ۋە ئىجتىمائىي ئورتاقلىقمۇ يوق ئەمەس.

ئائىلە ـــ ئىنسانىيەت ھېچقانداق ئىجتىمائىي تەشكىل ۋە تۈركۈم ئۇيۇشتۇرمىغان قەدىمكى زاماندا ئۇيۇشقان بىرىنچى ھەم تۇپلۇك تەشكىلات بولۇپ، قەبىلە ۋە ھاكىمىيەت تەشكىللىرى بىلەن باشقا ئىجتىمائىي ۋە ئىقتىسادىي باشقۇرۇش ئاپپاراتلىرىغا كېيىنچە تەدرىجىي ئىگە بولغان. بۇ بىزگە مۇنداق ھەقىقەتتىن دېرەك بېرىدۇ: ھەر بىر ئادەم، ئۇنىڭ ھېچبىر نەرسىسى بولمىغاندىمۇ مۇئەييەن ئائىلىگە باغلانغان بولۇشى، باشقىچە ئېيتقاندا ئائىلىسىز بولماسلىقى لازىم.

ئائىلە ئىنسان تۇرمۇشىنىڭ ۋە ئىنسانپەرۋەرلىك

روھىنىڭ بىرىنچى ئوچىقى. ھەر بىر مىللەت، ئۇنىڭ ھېچبىر سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي تەشكىلى ياكى ئورگانلىرى سىستېمىسى بولمىغاندىمۇ مۇئەييەن تىپتىكى ئائىلە سىستېمىسى، ئائىلىۋى تۇرمۇش (تۇتۇن) رىجىلىرى بولۇشى لازىم.

ئائىلە مىللىي - مەدەنىي تۇرمۇش بىلەن مىللىي ئېڭتىخار روھىيىتىنىڭ بىرىنچى بۇلىقى ۋە زېمىنى. ئائىلىدە خۇدبىن، نادان، ھورۇن، قاشىشاق ۋە چېچىلغان شەخس ياكى مىللەت نىجادىيەتتىن يىراقلاشقان شەخس ۋە مىللەتتۇر.

ئائىلە — كۆچ، ماگنىت مەيدانى ۋە تۇتاشتۇرغۇچى رىشتە. ئائىلە خۇرۇچلىرىدا ئۇيۇل قىلغۇچى كۈچ بولمىغان، ئائىلە ئادەت قېلىپلىرى چۇۋۇلغان، ئائىلە پەقەت ھايۋاننىڭ كىرىپ چىقىدىغان، ئەۋلاد پەيدا قىلىدىغان ئىنى ھالىغا چۈشۈپ قالغان مىللەت نورمال مۇۋازىنەت ۋە ساغلام روھتىن مەھرۇم بولغان مىللەتتۇر. ئۇنىڭ ئەجدادلىرىنىڭ قانداق بەختىيارلىق داستانلىرى ياراتقانلىقىدىن قەتئىينەزەر، ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى پاجىئە پېرسوناژلىرىنىڭ نامزاتلىرىدۇر، خالاس. ئائىلەڭگە باق! ئەتراپىڭدىكى ئائىلىلەرگە قارا! ئۇنىڭدىن ئۆزۈڭنى، مىللىتىڭنى ئىزدە! مانا بۇ ئائىلە مەسىلىسىنىڭ نەقەدەر

مۇھىملىقىنى چۈشەندۈرگۈچى ئەينەك.
ئائىلە نوقۇل بىئولوگىيىلىك قوشۇلۇش ۋە نوپۇس ئىشلەپچىقىرىش بىرلىكى خىزمىتىنى ئۆتەش بىلەنلا خاراكتېرلەنمەيدۇ.
ھەر قانداق تىرىكچىلىك ۋە ئەمگەك تەشكىلىنى ئائىلە دەپ مۇئەييەنلەشتۈرگىلى بولمايدۇ.
ئائىلە — بىر پۈتۈن جەمئىيەتنىڭ باشلانغۇچ ياچېيكىسى، ئېلېمېنتار - كىچىكلىتىلگەن شەكلى، جانلىق ۋە كۆپ قىرلىق ھۆجەيرىسىدىن ئىبارەت. ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ ھەممە جەھەتلىرى ئائىلە تۈزۈلمىسى، ئائىلە پائالىيىتى ۋە ئائىلە خىزمىتىدە بەلگىلىك ئىپادىلەنگەن بولىدۇ.
ئائىلە جىنسىي - بىئولوگىيىلىك ئامىلغا، ئىجتىمائىي (قانۇن، ئەخلاقىي ۋە ئىقتىسادىي) ئامىلغا، مەدەنىيەت (تەلىم، ئەقلىي - ئەخلاقىي مۇناسىۋەت، ئېتنىك ئەنئەنە) ئامىلغا، تارىخ (پەيدا بولۇش، راۋاجلىنىش) ئامىلغا ئىگە بولۇپ، بۇ تۆت ئامىلنىڭ ھەممىسى بىرلەشكەندىلا مۇئەييەن تارىخىي شەكىلدە مۇكەممەللىككە ئىگە بولغان؛ ئىككى جىنسنىڭ مۇھەببىتى ۋە نوپۇس قالدۇرۇشنى ئىپتىدا قىلغان؛ قانۇن ۋە جامائەتچىلىك ئېتىراپ قىلغان؛ ئىجتىمائىي

ئىشلەپچىقىرىش ۋە تەقسىمات مۇناسىۋەت تورىغا قاتناشقان؛ ئائىلە شەكلىدە ئىجتىمائىي مۇناسىۋەت سەھنىسىگە كىرگەن؛ بالىلار تەربىيىسى، ئىجتىمائىي ئەخلاق ۋە ئائىلە ئەخلاقىي فۇنكسىيىلىرىنى ئۆتىگەن؛ مىللەتنىڭ مىللىي مەدەنىيىتىگە ۋارىسلىق قىلغان ئائىلە مەيدانغا كېلىدۇ. يوقىرىدىكى تۆت ئامىل ۋە سەككىز شەرت ئاساسىدا ئائىلىنىڭ ماھىيىتىنى بىلگىلى ۋە ئىزاھلىغىلى بولىدۇ. ھەربىر ئائىلە قۇرۇش قارارىغا كەلگەن ياش ئۆزلىرىنىڭ بۇ جەھەتتىكى ھازىرلىقلىرىنى ئەتراپلىق ئويلىنىشى لازىم.

ئائىلە — ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ بىرلىك شەكلى. ئائىلە — ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ تەبىئىي ۋە ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش ۋە تەربىيىلەش تەرەپلىرىنى ھەمجەھەت قىلغان بىرلىك تەشكىلى. ئائىلە — ئۆزىنىڭ تەبىئىي ۋە ئىجتىمائىي ئىككى جەھەتلىمىلىكى، ئائىلە ئىچى ۋە ئائىلە سىرتىدىكى ئىجتىمائىي - مەنىۋى ئالاقە تورى بويىچە تىرىكچىلىك ھەم تۆھپىكارلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان تۇرمۇش بىرلىكى. ئائىلە يۇقىرىدا ئېيتىلغان ئالامەتلىرىنىڭ بىر پۈتۈنلۈكى ئاساسىدا ئۆز خىزمىتى - فۇنكسىيىسى (ئىقتىدارى) ۋە رولىنى بەجا كەلتۈرىدۇ. يۇقىرىدىكى ئالامەتلەر بىر پۈتۈن بولمىغاندا

www.uyghurkitap.com

ئائىلە ئۆز خىزمىتىدە ئاقسايدۇ.
ئىككى جىنس قوشۇلۇشى، ئىككى جىنس ئاساسىدا نەسىل قالدۇرۇش، ئىككى قوشۇلغان جىنسنىڭ باشقا يات جىنسلاردىن كۆنلەش روھىيىتى، ئەركەكنىڭ ئۇرغاچىنى باشقۇرۇش ۋە مۇھاپىزەت قىلىش تۇيغۇسى، نەسىل - ئەۋلادىنى كۈتۈش قاتارلىق جەھەتلەردىكى ئىش تەقسىمات پەرقلىرى، ئەركەكنىڭ جىنسىي پائالىيەتچانلىقى، ئەركەكنىڭ ئۇرغاچى ۋە تۇركۇمىنى قوغداش يولىدا ھەتتا قۇربان بېرىشى قاتارلىقلاردا ئىنسان ئائىلە ئېڭى بىلەن يۇقىرى دەرىجىدىكى ھايۋان تۇركۈملىرىدە بىر قاتار ئوخشاشلىقلارنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ئىنكار قىلماسلىق كېرەك.
ئائىلە ئىككى جىنسنىڭ ھايۋانات تۈرلىرى شەكلىدە ئەمەس، بەلكى ئىجتىمائىي ئىنسان شەكلىدە قوشۇلۇشى، ئۆز نەسلىنى ئىجتىمائىي ئىنسانغا خاس جىسمانىي ۋە مەنىۋى جەھەتتە مەدەنىيەتلىك كىشى قىلىپ تەربىيىلىشى، جەمئىيەت تۇرمۇشى بىلەن چەمبەرچاس باغلانغان ھالدا تىرىكچىلىك ۋە تۆھپىكارلىق بىلەن شۇغۇللىنىشى ئۆزىنىڭ ئىجتىمائىي - مەدەنىي ئالامىتى قىلغان.
ئائىلە ـــ ھەقىقىي مەنىسىدە ئىجتىمائىي تۇرمۇش

www.uyghurkitap.com

ئۆيۈمدىن ئىبارەت. ھەر بىر كىشىنىڭ ئائىلە چۈشەنچىسى ئۇنىڭ قانداق جىنسىي قوشۇلۇش تەلپۈنۈشلىرى بىلەن ئەمەس، بەلكى، ئۇنىڭ قانداق ئائىلە قۇرۇش غايىسى ۋە ئائىلىنى قانداق قۇرۇش ۋاستىلىرى بىلەن ئۆلچىنىدۇ. ھەر بىر ئائىلىنىڭ ئىجتىمائىي قىممىتى ئۇنىڭ قانداق تۇرمۇش شەرتلىرىنى ئادا قىلغانلىقى بىلەن ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ جەمئىيەت ۋە مەدەنىيەت چۈشەنچىسى بىلەن، ئۇنىڭ مەدەنىيەت تۈزۈلمىسى، بولۇپمۇ ئەقلىي، ئىلمىي، ئەخلاقىي ۋە ئېستېتىكىلىق تۈزۈلمىسى بىلەن، ئۇنىڭ ئائىلە ئىچى ۋە ئائىلە بىلەن جەمئىيەت ئارىسىدىكى ماددىي ۋە مەنىۋى مۇناسىۋەت گارمونىيىسى بىلەن باھالىنىدۇ. ئائىلىدىن چىققان مۇنەۋۋەر كىشىلەرنىڭ ئائىلىگە شەرەپ كەلتۈرۈشى بۇ پەۋقۇلئاددە ئائىلە شۆھرىتىنى ھاسىل قىلىدۇ، ھەتتا ئۇ بىر قاتار ئائىلىۋى نۇقسانلارنى ياپىدۇ.

ئائىلە جەمئىيەتنىڭ بىر قىسمى. ئۇ پۈتكۈل ئىنسانىيەت جەمئىيىتى ۋە ئۇنىڭ مەدەنىيەت تارىخى بىلەن ھەر خىل ۋاستىلەر ئارقىلىق مەنىۋى ئالاقە ـ ئۇچۇر ئورناتقان بولىدۇ. ئەپسانە، رىۋايەت، كىتاب، تېلېۋىزىيە، مەكتەپ، تەرغىبات ئۇنىڭ مۇھىم ۋاستىلىرىدۇر. ئائىلە جەمئىيەتنىڭ بىر قىسمى، ئۇ ئۆزى تۇرغان مەھەللە،

شەھەر ياكى يېزا، ئۆلكە ۋە دۆلەتنىڭ قوغدىنىش، مۇھىت ئاسراش، ئاپەتتىن خالىي بولۇشتىن تاكى خىزمەت، ئەمگەك، ئىشلەپچىقىرىش، قاتناش، بازار تەمىنلىشى، مائارىپ، سەھىيە، ھاكىمىيەتچىلىك، قانۇن ـ تەرتىپ قاتارلىق تۈپلۈك ۋە دائىمىي ئىجتىمائىي ھەرىكەت جەريانلىرىدىن بىر مىنۇتمۇ خالىي بولالمايدۇ. ئائىلىنى ئۇ تۈرۈۋاتقان جەمئىيەتنىڭ پۈتۈن شارائىتلار مۇجەسسىمى تىزگىنلەيدۇ. ئائىلە جامائەتچىلىكنىڭ بىر قىسمى، ئۇ ئۆزىگە ئالاقىدار قوشنا، تۇغقان ھەم كەسىپ، چۆپقەت، دوست ـ يار، قۇدا ـ باجا، ھەر خىل نۇقتىلار بويىچە ئىجتىمائىي ئالاقە ئېلىپ بارىدۇ. بۇنداق ئالاقىلارنىڭ ئۆلچىمى خىزمەت ياكى بازار مۇئامىلىسىدىكىدەك ئىش ـ ئەمگەك مىقدارى ياكى پۇل بىلەن، ياكى ئىنتىزام ـ قانۇن بىلەن ئەمەس، ئاساسلىقى جامائەتچىلىك پىكرى بىلەن بىر تەرەپ قىلىنىدۇ. شۇ سەۋەبلىك كىشىلەردە بۇ جەھەتتىكى سەزگۈرلۈك كۈچلۈكرەك بولىدۇ.

ئائىلە مۇئەييەن ئىقتىدار زۆرۈرىيەتلىرىسىز مەيدانغا كەلمەيدۇ. مۇئەييەن ئىقتىدارنى ئادا قىلمىغان ئائىلىمۇ مەۋجۇتلۇق قىممىتىنى يوقاتقان ئائىلىدۇر.

ئائىلىنىڭ ئىقتىدارى ھەر قايسى ئائىلە شەكىللىرىدە، ھەر قايسى مىللەت، دۆلەت ۋە تارىخىي

هالەتلەردە پۈتۈنلەي بىردەكمۇ بولمايدۇ.

ئائىلە ئىقتىدارى ــــ ئائىلىنىڭ هاياتىي كۈچى، ئۇنىڭ پائالىيەت ئۇچۇرى ۋە ئائىلىنىڭ كونكرېت ئىجتىمائىي قىممىتىنىڭ ئىپادىسىدىن ئىبارەت.

ئائىلە جىنسىي مۇھەببەت پائالىيىتىنىڭ ئەڭ ئالىي بەرقارار ۋە ئومۇم ئېتىراپ شەكلى بولۇپ، جىنسىي مۇھەببەتنى تەمىنلەش ئىقتىدارىغا ئىگە.

ئائىلە نىكاھتىن باشلىنىدىغان جىنسىي ئىقتىدارنى فىزىئولوگىيىلىك يېتىلىش، مۇھەببەت، ساداقەت ۋە نىكاھلىق جىنسىي تۇرمۇش سەنئىتى ئارقىلىق داۋاملاشتۇرىدۇ.

ئائىلىدىكى جىنسىي پەرق ۋە مۇناسىۋەت بىئولوگىيىلىك جىنسىي مۇھەببەتتىن تاشقىرى يەنە ئىجتىمائىي ئىش تەقسىماتى ۋە ئۆز ئارا ھەمكارلىق بىلەن ئائىلىنى بىرلىكتە تۇتۇشتا گەۋدىلىنىدۇ.

ئائىلە ھەمكارلىقى، ئەرنىڭ ئايالغا مەنپەئەتلىك ئىشلارنى بېجىرىشى؛ ئايالنىڭ ئەرنى ئائىلە ئىچى - سىرتىدا قەدىرلىشى، ئۇنى ھەر قانچە نۇقسانلىرى بولغاندىمۇ قەلبىدىكى يېگانە شۆھرەت چىرىغى ۋە ئەقىدە مۇنبىرىگە قويۇپ كېلىشى ئائىلىدىكى جىنسىي ئىش تەقسىماتىنىڭ نوقۇل ئەمگەك تەقسىماتى ئەمەسلىكىنى

كۆرسىتىدۇ.

ئائىلە ــــ پەرزەنت دەرگاھىدىن ئىبارەت. ھەر بىر كىشى جىنس زەنجىرىگە چېتىلغان مەلۇم كىشىنىڭ پەرزەنتىدۇر. بۇنداق پەرزەنت، بۇنداق كىشى يەنە مەلۇم جەمئىيەتنىڭ بىر جىنسىي ھۆجەيرىسى ۋە ئاساسىي ئىجتىمائىي بىرلىكىدىن ئىبارەت.

ئائىلە يالغۇز ئۆز نەسلىنىڭ، ئۆز مىللىتى ئەۋلادلىرىنىڭ تۆرىلىش، تۇغۇلۇش نۇقتىسىدىكى مۇقەددەس ماكان بولۇپ قالماي، يەنە يېڭى ئەۋلادنىڭ بىرىنچى مائارىپ ئوچىقى، بىرىنچى تەربىيە مەكتىپى. ئائىلىدە پەرزەنت بەدەن ۋە ھوسن تۈزىدۇ، يورۇش - تۇرۇشنى ئۆگىنىدۇ، مىللىي تىلنى ئىگىلەيدۇ، ئەقىل تاپىدۇ ۋە قەلب خەزىنىسى بولغان ئەخلاق ئېڭى ۋە پەزىلەت ئادەتلىرىنى يېتىلدۈرىدۇ. دەرۋەقە، ئائىلە ئەزالىرى ۋە ئائىلە مۇھىتىنىڭ تەسىرىدە پەرزەنت ئىجابىي ياكى سەلبىي تىپتىكى كىشى بولۇپ چىقىشى مۇمكىن. ئائىلىدىن ئۇلۇغ دانىشمەنلەر، ئىختىراچىلار، قەھرىمانلار ۋە سەنئەت ئەربابلىرى چىقىشى مۇمكىن، ئوخشاشلا ئائىلىدىن قاباھەتلىك گېزەندىلەر، جامائەت جىنايەتكارلىرى، مىللەت ساتقۇنلىرى چىقىشىمۇ مۇمكىن. ئەمما ئەڭ خەتەرلىكى، ئەرزىمەگەن، تەنتەك، ھاماقەت،

www.uyghurkitap.com

ھۇرۇن، لايغەزەل ئەۋلادنىڭ پەيدا بولۇشىدۇر. چۈنكى، نۇرانە ياكى قاباھەتتىن ئىبارەت ئىككى قۇتۇپقا نىسبەتەن بۇنداق ئەرزىمەس ئەۋلاد مىللەت قەدرىنى يەرگە كۆپرەك ئۇرىدۇ.

ئائىلە ئىجادىي ئەمگەك ۋە تۆھپىكارلىق ئىقتىدارىغا ئىگە. بۇ ئائىلىنىڭ جەمئىيەتنىڭ پائال ئىشلەپچىقىرىش ھۆجەيرىسى بولۇش قىممىتىدىكى ئاساسىي ھالقا.

ئۆز ئائىلىسىنىڭ جەمئىيەتكە مەنپەئەت يەتكۈزۈش غۇرۇرىنى سېزىش، بۇرچىنى ئادا قىلىش ئائىلىنىڭ دائىمىي دىققەت مەركىزى ھېسابلىنىشى لازىم. بىلىش لازىمكى، «ئائىلە شىلىپ ئالغۇچى» ئەمەس، ئەڭ مۇھىمى «ھەدىيە قىلغۇچى» بولۇشى لازىم. بۇ، ئائىلە بەخت ـ سائادىتىنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشقا سالغان «فوندى» بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

ئائىلە ئىستېمال، تېجەش ۋە مەئىشەت بىرلىكى بولۇپ، ئىنسان تىرىكچىلىك ھالاۋەتلىرىنى تەشكىللەش ئىقتىدارىغا ئىگە. ئائىلە كىرىم قىلىدۇ، چىقىم قىلىدۇ، ماددىي تەمىنلەش (مۇھىمى يېمەك ـ ئىچمەك، كىيىم ـ كېچەك، تۇرار جاي ۋە باشقا خىراجەت قاتارلىقلارنى) ئېلىپ بارىدۇ. ئۇ، كىرىم ـ چىقىم بىلەن تەمىنلىنىشنى ئېلىميلاشتۇرۇش، ئاقىلانىلەشتۇرۇش،

گارمونىيلەشتۈرۈش، مەنىلىك ۋە ھالاۋەتلىك ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن پىلان تۈزىدۇ. بۇ يەردە سەرپىيات بىلەن تېجەش، مەئىشەت بىلەن پاراۋانلىق توغرا ھەل قىلىنىشى لازىم. سەرپىياتنى تېجەش بولۇپمۇ ئاياللار جىددىي تەشەببۇس قىلىشى لازىم بولغان نۇقتا.

مەئىشەت بىلەن پاراۋانلىق ئىككى نەرسە. ئائىلىدە تەق بولغان ماددىي مەئىشەتتىن ئۆز لايىقىدا لەززەتلىنىشنى بىلمەيدىغان، كېلەڭسىز، سەنئەتسىز، مەنىسىز ئائىلىلەرمۇ بار. ۋەھالەنكى، چېۋەر ئائىلە باشقۇرغۇچىلار ئازغىنە مەئىشەتنى شېرىن ھالاۋەتكە ئايلاندۇرالايدۇ. ئائىلىنىڭ ئومۇمەن بايرام، تۇغۇلغان كۈن ۋە ئادەتتىكى كۈنلىرىنى كۆڭۈللۈك ئۆيۈشتۈرۈش ئائىلىنىڭ ئىستېمال، تېجەش (ھەتتا جەمغۇرلاش) ۋە مەئىشەت ئىقتىدارىنىڭ مۇھىم بىر قىسمى. دائىمىي چېكىملىك، ئىچكۈلۈككە بېرىلىش، قىمار، زەربىدار چىقىم ۋە باشقىلار ئائىلىنىڭ كۆڭۈل ئېچىش رولى بولماي، ئەكسىچە، ئائىلىگە پاراكەندىچىلىك كەلتۈرىدۇ.

ئائىلىنىڭ كۈتۈش ۋە غەمخورلۇق ئىقتىدارى بولىدۇ. ئائىلە باللار، ئاتا ـ ئانىلار، پېشقەدەملەرنىڭ ساغلاملىقىنى قوغداش، ياشانغانلارنى ھەر جەھەتلىمە قەدىرلەش ۋە كۈتۈش، پەرزەنتلەرنى ئوقۇتۇش ۋە ئائىلىلىك

قىلىش جەھەتتە بۇرچقا ۋە ئىقتىدارغا ئىگە.

ئائىلە تاشقى ئالاقە ئىقتىدارىغا ئىگە. بۇ ئائىلىنىڭ دوستلىشىش ۋە باشقا جامائەتچىلىك ئالاقە تورى تىكلەش، ئۇلارنى داۋاملاشتۇرۇش ياكى داۋاملاشتۇرماسلىق جەھەتتىكى ئىقتىدارىدىن ئىبارەت.

ئائىلە ئىجتىمائىي كاتېگورىيە بولۇشى بىلەن ئۇ گېنېئالوگىيىلىك مەنبەگە ئىگە تارىخىي كاتېگورىيە ھېسابلىنىدۇ.

ئائىلە — كىچىكلىتىلگەن جەمئىيەت بولۇش بىلەن بىللە ئائىلىۋى تۇرمۇش ئىنسانىيەتنىڭ ئەڭ دەسلەپكى ئىجتىمائىي مەدەنىيىتى سۈپىتىدە مەيدانغا كەلگەن. بۇ ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنىڭ مەيدانغا كېلىشى داۋامىدا ئىنسان تۈركۈملىرى تەدرىجىي ئائىلە شەكلىدىكى نىكاھ ۋە تۇرمۇش ئۇسۇللىرىنى قوللاندى، بۇ ماھىيەتتە ئىجتىمائىي مەدەنىيەتنىڭ مەيدانغا چىقىشقا باشلىغانلىقىنى كۆرسەتتى.

ئائىلە جەمئىيەت شەكلىدە، جەمئىيەت ئائىلە شەكلىدە مەيدانغا كەلگەندىن كېيىن ئۇ ئىنسانىيەت جەمئىيىتى ۋە مەدەنىيىتىنىڭ پەيدا بولۇش ۋە راۋاجلىنىشىدىكى ئاساسلىق دەرگاھقا ئايلاندى. بۇنداق جەمئىيەت ۋە مەدەنىيەت ھەممىلا جايدا، ھەممىدىن



www.uyghurkitap.com

ئىلگىرى ئېتنولوگىيىلىك ـ مىللەتلىك ئالاھىدىلىككە ئىگە مەدەنىيەت بولۇپ پەيدا بولۇشقا باشلىدى.

ئائىلىنىڭ ئىجتىمائىي خاراكتېرى، ئائىلىنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇش، ئىجتىمائىي ئېتىقاد، ئىجتىمائىي ئاڭ ۋە ئىجتىمائىي مەدەنىيەت بىلەن بولغان بىۋاسىتە ۋە دائىمىي مۇناسىۋىتى، ئائىلە ساپاسى، ئائىلە ئىقتىدارى ۋە ئائىلە شۆھرىتىنىڭ پۈتكۈل جەمئىيەت ۋە ئۇنىڭ مەنىۋى قىياپىتى بىلەن بولغان ئالاقىسى مەسىلىسى ئائىلە توغرىسىدىكى ئەتراپلىق ئىلمىي قاراشنىڭ ئۇلى ھېسابلىنىدۇ. ئائىلىنى جەمئىيەتتىن، مەدەنىيەتتىن ئۈزۈۋېلىپ، نوقۇل جىنسىيەت، نوقۇل جىنسىي خاھىش ئارقىلىق ئىزاھلىغۇچىلارنىڭ قاراشلىرىنى بىز بۇ تۈپكى، ئىلمىي ئائىلە قارىشىغا بىر قۇر سېلىشتۇرساقلا، ئۇ خىل قارارنىڭ چاكىنا، يۈزەكى، بىر تەرەپلىمە، سۇبيېكتىپىزملىق نۇقسانلىرىنى روشەن كۆرۈۋالالايمىز. بۇ ئىككى قاراشنىڭ سېلىشتۇرمىسى ئىنتايىن مۇھىم مەرىپەتچىلىك ئەھمىيىتىگە ئىگە.

ئائىلىنىڭ كېلىپ چىقىشىنىڭ ئۆزى بىر مەدەنىيەت تارىخى ھادىسىسى ئىدى. ئائىلىنىڭ راۋاجلىنىشى، شەكىل ـ ھالەتلىرى، تۈزۈلمە ۋە مۇناسىۋەت تىپلىرىمۇ ماھىيەتتە مەدەنىيەت ھادىسىسىدىن ئىبارەت. بۇ بىزگە،

www.uyghurkitap.com

ئائىلە ۋە ئۇنىڭ كامىل شەكلى، ئائىلىۋى مۇھەببەت ۋە بەخت تېگى ـ تەكتىدىن يەنىلا ئائىلە ئەزالىرىنىڭ مەدەنىيەت تۈزۈلمىسى ۋە مەدەنىيەت ئورتاقلىقىغا باغلىق ئىكەنلىكىنى، ئائىلىنى تۈزەشتىكى تۈتىيا مەدەنىيەتتىن ئىبارەت ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

ئائىلە مىللىي تىپتىكى ئىنسان تۈركۈمى، مىللىي تىپتىكى ماددىي ۋە مەنىۋى مەدەنىيەتنىڭ بۆلىقىدۇر.

ئائىلە — غايەت چوڭ ئىجتىمائىي كۈچ. ئائىلە — غايەت چوڭ ئېتنولوگىيىلىك ئاساسىي قاتلام ئۇيۇشما.

ئائىلە — مىللەتنىڭ ھۈجەيرىسى. ئۇ مىللەتنى تەشكىل قىلغان تىلنىڭ بىرىنچى بۆلىقى. ئۇ مىللەتنىڭ پسىخىك مەدەنىيەت ـ فولكلور مەدەنىيىتىنىڭ بىرىنچى بۆشۈكى. ئۇ مىللەتنىڭ ماكان تۈركۈمىنىڭ بىرىنچى خەرىتىسى ۋە سخېمىسى. ئۇ مىللەتنىڭ ئىقتىسادىي تۇرمۇش ئورتاقلىقىنىڭ بىرىنچى ھالقىسى.

تارىخىي، ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي كاتېگورىيە ئالامەتلىرىگە ئىگە بولغان ئائىلە يەنە غايەت چوڭ مىللىي مەدەنىيەت بازىسىدىن ئىبارەت.

ئائىلە بىلەن مىللەتنىڭ مۇناسىۋىتى يەنىلا ئائىلە بىلەن مىللىي مەدەنىيەتنىڭ مۇناسىۋىتىنى دەۋر قىلىش ئوقى قىلغان بولىدۇ.

ماددي مەدەنىيەت تارىخى ئائىلىلەرنىڭ ئانتروپولوگىيىلىك ۋە ئېتنولوگىيىلىك تەسىرىدە ئېتنىك مەدەنىيەت چەمبىرى ھاسىل قىلغان بولىدۇ.

مەنىۋى مەدەنىيەت تارىخمۇ ئائىلىلەرنىڭ ئانتروپولوگىيىلىك ۋە ئېتنولوگىيىلىك تەسىرىدە ئېتنىك مەدەنىيەت چەمبىرى ھاسىل قىلغان. تىل، تىل ئائىلىسى ۋە سىستېمىلىرى، تامغا ۋە ھەرپسىمان ئالامەتلەر، ئانىمىزم، ئەۋلاد ئېتىقادچىلىقى، توتېمىزم، ئىپتىدائىي دىنى، تېببىي، ھاۋارايى، يۇلتۇز، چۇش كۆرۈش، تۇغۇلماق، مۇخ (مەرسىيە) قاراشلىرى بىلەن ئەڭ قەدىمكى ئەپسانە، رىۋايەتلەرمۇ ئائىلىلەر تۈركۈملىرى ھاسىل قىلغان ئىنسان گۇرۇھلىرىنى بىرلىك چەمبەر قىلغان. بۇنىڭدا ئەجدادلارنى ئۇلۇغلاش، ئۇلارنىڭ نامىنى مۇئەككەل، شامان، ئىلاھ بىلىش، جىنسىي ئېتىقادقا بولغان ئىشەنچ، فامىلە ـ نەسەب ـ سۆڭەك سۈرۈشتۈرۈش، مۇزىكا ـ ناخشا ـ ئۇسسۇل ـ تىياتىر ـ سەيلە ـ مۇراسىم پائالىيەتلىرىمۇ كۈچلۈك مىللىيلىققا ئىگە فولكلور ھادىسىسى بولۇپ شەكىللەنگەن.

ئائىلە مىللىي مەدەنىيەتنىڭ بۆلىقى، بۆشۈكى، سەھنىسى ۋە قورغىنىدىن ئىبارەت. ئائىلىلەر مۇئەييەن خاس مىللەتكە تەۋە بولىدۇ. ئۇنىڭدا شۇ مىللەت نوپۇسى

يېتىلىدۇ. ئۇنىڭ ئەزالىرى ئۆز مىللىتىگە خاس مىللىي تىل - يېزىق، ئۆي - روزغار تۇتۇش، قائىدە - يوسۇن، مىجەز - خۇلق، سەنئەت ۋە مەدەنىيەت خۇمارلىقى بىلەن ئۆز مىللىتى مەدەنىيىتىنى قوبۇل قىلىدۇ، ئۇنى قوغدايدۇ، گەۋدىلەندۈرىدۇ، ئۇنىڭغا ۋارىسلىق قىلىدۇ. بۇ جەرياندا تارىختا كۆپلىگەن مىللىي مەدەنىيەت ئەربابلىرى، مىللىي سەنئەت مەشھۇر كىشىلىرى ۋە مىللىي قەھرىمانلار مەيدانغا كەلگەن.

ھەربىر ئائىلىنىڭ ساپاسى مىللەتنىڭ رېئال ساپاسى، مۇجەسسەم ئىقتىدارى (ھەر خىل ئىقتىدارلىرىنىڭ ئومۇمىي قىممىتى) تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ. مەلۇم تارىخىي دەۋردە ھېچكىمنىڭ ساپاسى، قەدىرلىنىشى، بايلىقى، مەنسەپ دەرىجىسى، شۆھرىتى ئۆزى تەۋە بولغان مىللەتنىڭ ساپاسى ۋە مۇجەسسەم ئىقتىدارىدىن ھالقىپ كېتىشى مۇمكىن ئەمەس. ھەر كىم ئۆز بەختى ۋە ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى تەۋە بولغان ئىنسان تۈركۈمىنىڭ ئىجتىمائىي مۇمكىنلىكلىرىدىن ھالقىغان ھالدا خىيال قىلىشقا بېرىلسە، ئۇ خام خىيالچى بولۇپ قالىدۇ. شەخسنىڭ (جۈملىدىن ئائىلىنىڭ) تەقدىرى ئاخىرقى ھېسابتا مىللەت تەقدىرى تەرىپىدىن بىر تەرەپ قىلىنىدۇ. بۇ مەسىلىنىڭ بىر تەرىپى. ھەر بىر ئائىلىنىڭ ساپاسى،

مۇجەسسەم ئىقتىدارى ۋە كامالىتى ئۆز مىللىتىنىڭ سالاپىتى، مەنىۋى كامالىتىگە، قەدىر ـ قىممىتى، شۆھرىتى ۋە تەقدىرىگە مۇئەييەن (ھەممە ئائىلىلەرنىڭ بولغاندا مۇتلەق) تەسىر كۆرسىتىدۇ.

ئائىلىلەرنىڭ مىللەتنىڭ تەقدىرى ۋە كەلگۈسىگە كۆرسىتىدىغان تەسىرى مەسىلىسى ئالغانلىق، مىللىي تۈركۈم ئىگىلىگە ئىگە، تارىخىي جاۋابكارلىق ۋە تارىخىي بىناكارلىق تۇيغۇسىغا ئىگە ھەر بىر ئەر ـ ئايالنىڭ قەلبىدىكى دائىم يورۇق ماۋزۇ بولمىقى لازىم.

ئائىلىنى مىللەتنىڭ مەدەنىيەت بوستانلىقىغا ئايلاندۇرۇشتا ئاتىنىڭ رولىنى، مەكتەپ مائارىپىنىڭ رولىنى، جامائەتچىلىكنىڭ — مەشرەپ، نەشر ـ ئەپكار، جامائەت پىكرىنىڭ رولىنى كەم ھېسابلىغىلى بولمايدۇ.

ئائىلە تىپى بىلەن ھەر خىل تىپتىكى ئائىلىلەردىكى ئائىلە ئىچىدىكى مۇناسىۋەت تىپى ھەر قايسى جەمئىيەتلەرنىڭ مەدەنىيەت ئەھۋالىغا زىچ تۇتاشقان بولىدۇ.

چوڭ ئائىلىلەر مۇرەككەپ تۈزۈلمىگە ئىگە. ھەر بىر قاتلامنىڭ ئىقتىسادىي ھەل قىلغۇچ كۈچى ۋە ئۇلارنىڭ پىكرى قېلىپلىرىدا دەۋر پەرقلىرى ۋە مەدەنىيەت، تۇرمۇش تەجرىبە پەرقلىرى بولىدۇ. چوڭ ئائىلىلەرنىڭ ھەر قايسى

قاتلام ۋە ئەزالىرى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت ئەخلاقىي ئۆلچەملىرىدە ئورتاقلىق ۋە ئالاھىدىلىكلەر بولىدۇ.
ئائىلە كىچىكلىتىلگەن جەمئىيەت، كىچىكلىتىلگەن مۇناسىۋەت تورى، كىچىكلىتىلگەن ئەخلاقىي مەدەنىيەت قورغىنى. بۇنىڭدا ئائىلە ئەزالىرىنىڭ، بولۇپمۇ ئەر - ئاياللىنىڭ ئۆز ئارا ۋە باشقىلارغا قاراتقان مۇناسىۋىتىنىڭ مەدەنىيەت تىپى گەۋدىلەنگەن بولىدۇ. روشەنكى، ئائىلىۋى مۇناسىۋەت تىپى ماھىيەتتە ئائىلە مەدەنىيەت تىپىنىڭ مۇھىم بىر قىسمىدىن ئىبارەت.
ئەمەلىيەت ئىسپاتلىدىكى، دېموكراتىك كىشىلىك مۇناسىۋەتلىرى تەرغىب قىلىنىدىغان ياكى مەۋجۇت بولغان، ئۇستۇنلۇك ئالغان ئىجتىمائىي مۇھىتتىمۇ ئائىلىدە ھاكىممۇتلەقلىق قاراشلىرى، ئۆلچەملىرى، ئىستىلى ساقلانغان ئەھۋاللار بولىدۇ. ئوخشاشلا، ھاكىممۇتلەق كىشىلىك مۇناسىۋەتلىرى مۇھىتىدىمۇ ئىنسانپەرۋەر ئائىلىۋى مۇناسىۋەتلەر ساقلانغان بولىدۇ.
ئائىلىۋى مۇناسىۋەتتىكى دېموكراتىك ياكى ھاكىممۇتلەق تىپ ئىچكى سەۋەب ياكى ئىچكى ئامىل نۇقتىسىدىن ئائىلىنىڭ ئاتاقتىكى ياكى ئەمەلىي ئىش باشقۇرۇشتىكى ئائىلە باشلىقى ياكى خوجىدارىنىڭ كىشىلىك قارىشى، ئىرادە تۈزۈلمىسى، پىكىر قىلىش

خاراكتېرى، مۇئامىلە ئىستىلىگە باغلىق بولىدۇ. ئومۇمەن، ئۆز نەزەر دائىرىسى، ئۆز نەزىرىدىكى مودېل، ئوبراز، ئۆزى كۈتكەن تەلەپ بىلەن ئائىلە ئەزالىرىنى بىر نۇقتىغا مۇتلەق بويسۇندۇرۇشقا ئۇرۇنۇش، بولۇپمۇ ئائىلىدىكى كېلىن، كۈيئوغۇل، ئاسراندى باللار، ئاجىز قېيىناتا ـ قېيىنانىلارنى سوغۇق مۇناسىۋەت ئوبيېكتى قىلىش ئائىلىۋى مۇناسىۋەتتىكى ھاكىممۇتلەقلىق ھېسابلىنىدۇ. ئەكسى ھالدا ئۆز تەلپى بىلەن ئۆزگىلەرنىڭ ئورۇندىشى ئارىلىقىدىكى يېتەرسىزلىككە تاقەت قىلىش، ئاستا ـ ئاستا ئىلھام بېرىش، ھەر خىل پىكىر، كۆڭۈللەرگە رەھىمدىللىك بىلەن قۇلاق سېلىش، تەشەببۇسكارلىق، قارشى پىكىرلەرنى ئاڭلاش، ئىجابىي تەرەپلىرىگە كۆز يۈگۈرتۈش، رىغبەتچان ۋە ئەپۇچانلىقنى بىرلەشتۈرۈش ئائىلىۋى مۇناسىۋەتتىكى دېموكراتىك ئىستىل ۋە روھ ھېسابلىنىدۇ.

ئائىلە مۇناسىۋىتىدىكى ھاكىممۇتلەق تىپنىڭ ھەممىسى ئەرنىڭ ئايالغا ياكى ئايالنىڭ ئەرگە قارىتا غەيرىي دېموكراتىك مۇئامىلە بولۇشىدىلا ئەمەس، بەلكى كۆپ ھاللاردا ئەر ـ ئايال بىرلىشىپ ئائىلىدىكى ئىنسانىي قەدىر ـ قىممىتى بولغان كۈيئوغۇل، كېلىن ۋە ئاسراندى، ئۆگەي پەرزەنت كەبى ئائىلە ئەزالىرىنىڭ، بولۇپمۇ بىۋاستە

قانداشلىق مۇناسىۋىتى يىراق بولغان يۇقىرىدىكىدەك ئائىلە ئەزالىرىنىڭ ئىززەت ـ ھۆرمىتىگە ئېتىبارسىزلىق قىلىشىدا روشەن گەۋدىلىنىدۇ. ئېيتىش كېرەككى، ئەركەك ياكى ئايال ھاكىمىيەتلىك ئارقىلىق پاترىئارخات زوراۋان ياكى ماترىئاخات زوراۋانغا ئايلىنىشى مۇمكىن. ھەر ئىككى ھالەت ئۇلارغا ۋە ئائىلىگە بەخت كەلتۈرمەيدۇ.

ئائىلە — كېڭەشتۇر. مۇھەببەت — دائىمىي قىزغىنلىق پەرۋىشىدىن ئىبارەت. پەقەت كېڭەش ئارقىلىق مۇھەببەتلىك ئائىلە ئۇلىنى چىڭىتىش مۇمكىن.

ئېيتىش كېرەككى، ئوقۇمۇشلۇق، ئادىل، كۆكسى ـ قارنى كەڭ ئەرلەر ـ ئاياللار ئائىلىنى ئۈلگىلىك ئۆلچەم بويىچە مەركەزلىك باشقۇرىدۇ، دېموكراتىيە نامىدا يۈز بېرىدىغان پاتىپاراقچىلىق، باشباشتاقلىق ۋە ئەدەپ ـ ئەخلاقسىزلىققا يول قويمايدۇ. ئۇلار يەنە مۇنداق ئائىلە تۈتۈش ئۆلچەملىرىنى بىر قاتار ئىدىيىۋى، پسخىك ۋە سەنئەت چېۋەرلىكلىرى بويىچە، ھەممىنى رازى قىلىدىغان، ئائىلە ئەزالىرىنى كامالەتكە يېتەكلەيدىغان قىلىپ باشقۇرىدۇ. بۇنداق ئائىلىدىن نادىر پەرزەنتلەر تەربىيىلىنىپ چىقىدۇ.

چوڭ ئائىلىلەر ئىچىدىكى كىچىك ئائىلىلەر، ھەتتا

چوڭ ئائىلىلەردىن ئايرىلىپ چىققان يېڭى كىچىك ئائىلىلەر مەيلى ئىقتىسادىي شەرت ياكى ئائىلىۋى ئەخلاق، رىشتە تۈپەيلى يەنىلا چوڭ ئائىلىگە يۆلەنگەن بولىدۇ. بۇ نورمال، ساغلام ھادىسە. ئۇخشاشلا بىر قانچە مۇستەقىل كىچىك ئائىلىلەر نامدا چوڭ ئائىلە دەپ ئاتالغان ئىقتىسادىي يۆلەنچىسى ئاجىز ئاتا ـ ئانىلار ئائىلىسىنى ماددىي ۋە پەرزەنتلىك رىشتى، ئەخلاقىي جەھەتتە تەمىنلەيدۇ، يۆلەيدۇ. بۇمۇ نورمال ۋە ساغلام ھادىسە.

ئومۇمەن ئائىلىدە ئەر ـ ئايال مۇناسىۋىتى قىزغىن، راۋان داۋام قىلىۋاتقان ئائىلىلەر ئىناق مۇناسىۋەتتىكى ئائىلە دېيىلىدۇ. بۇنداق ئائىلىلەر ئەقىل، بىلىم، ئەخلاق، مۇھەببەت، ساداقەت، قىزغىنلىق، ئائىلە سەنئىتى، شېئىرىي تۈس ئالغان بولىدۇ. بۇنداق ئائىلىلەردە ئاساسەن ئائىلىۋى زېرىكەرلىك، سوۇسلۇق بولمايدۇ. بۇنداق ئائىلىلەر روھىيەت جەھەتتىن تاشقىرى، ئىقتىسادىي جەھەتتىن ئوچۇق ـ ئاشكارا، پىلانچان، تېجەشلىك بولىدۇ. باللار تۇرمۇشىمۇ ئىللىق مۇھىتتا قىزغىن كەيپىياتتا ئۆتىدۇ.

ئەكسى ھالدا ئائىلىۋى مۇناسىۋەت رىشتىسى سوۇسلاشقان، قىزغىن، ئىناقلىق سوۋۇغان، زېرىكىش ۋە

دەرگۇمانلىق ئۇستۇن ئالغان، ئەر ـ ئايال بىر ـ بىرىنىڭ سىرىنى بىلەلمەي ئۆزى بىلگىنىچە گۇمانىي پەرەز قىلىپ تۇرىدىغان، پات ـ پات يەڭگىل غىژىلدىشىپ قالىدىغان ئائىلىلەر بولىدۇ. بۇ خىل ئائىلىلەر تەشكىللىنىشتىن باشلاپلا شۇنداق بولۇشى ياكى كېيىنچە ئىناقلىقتىن سوۋۇپ شۇنداق بولۇشى مۇمكىن. ئائىلىۋى تۇرمۇش ئىسپاتلىدىكى، ئومۇمەن، ماھىيىتى ياخشى، مەرىپەتلىك ئائىلىلەر ئۆز ئائىلىسى تارىخىدا يۈز بەرگەن ئوڭۇشسىزلىقلارنى يېڭىپ، گۇمانلارنى يېشىپ، ئىغۋالارنى رەت قىلىپ، ئىناق، ھەتتا مۇھىم ساۋاقلار ئالغانلىقى تۈپەيلى تېخىمۇ ئىناق ئائىلىگە ئايلىنىشقا قادىر.

ئەر بىلەن ئايالنىڭ ئۆز قەلبىدە مەنىۋى ھەمكارلىقنىڭ بولماسلىقى، ھەتتا ئۇنىڭ توسقۇنلۇققا ئايلىنىشى ياكى ئەر بىلەن ئايالنىڭ بىرسىدىكى مەنىۋى ھەمكارلىق خاھىشىنى ئىپادىلەپ بېرىشكە مۇمكىنلىك ۋە ئىشەنچىنىڭ بولماسلىقى، ئۇنىڭ رەت قىلىنىشىنى ئائىلىدە ساغلام، نورمال مۇناسىۋەت رىشتىنى سۇسلاشتۇرۇشتىكى ئاساسىي سەۋەب دېيىشكە بولىدۇ. بۇ مىڭلىغان ـ مىليونلىغان مىساللار ـ ھادىسىلەر بىردەك ئىسپاتلىغان ماھىيەتلىك سەۋەبتۇر.

ئۆي روزغارلىرىنى سەنئەتلىك سەرەمجانلاشتۇرۇش،

مۇزىكا ئاڭلاش، سۆھبەتلىشىش، مېھمان چاقىرىش ۋە مېھمانغا بېرىش، سەيلە ـ ساياھەت قىلىش قاتارلىقلارمۇ ئائىلىدە قەلب ھەمجەھەتلىكىنى كۈچەيتكۈچى سەنئەت جۇملىسىگە كىرىدۇ. ئەڭ ئاددىيسى ئىلگىرىكى يېزىشقان خەتلەرنى ئوقۇش، سۈرەت ئالبوملىرىنى قايتا كۆرۈش، سۈرەتكە چۈشۈش، نەۋرىلەر ھەققىدىكى كۆڭۈللۈك پاراڭلار، بىر ـ بىرىنىڭ تۆھپىلىرىنى، ئاددىيسى شۇ كۈنكى تاماقنى تىلغا ئېلىپ مىننەتدارلىق بىلدۈرۈش قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ئېستېتىك زوق ۋە ئەخلاق قىممىتىگە ئىگە.

ئائىلە ــ مىللەتنىڭ مۇقەددەس قورغىنى. ئۇ مىللەتنىڭ ياتلىشىپ كېتىشىنى، تىل ــ يېزىقىنى ئۇنتۇشىنى، ئادەت ۋە ئەنئەنىسىنى تاشلىۋېتىشىنى، تەلىم ۋە مەدەنىيەتتە تۇتۇرۇقسىز بولۇپ قېلىشىنى توسايدىغان ئۇلۇغ مۇرەببىي. ئائىلە ــ مۇھەببەت، ئىقتىسادىي تۇرمۇش بىلەنلا چەكلەنمەيدىغان، غايەت زور تارىخىي جاۋابكارلىقنى ئۈستىگە ئالغان ئېتنىك ئىجتىمائىي قاتلام. مۇھەببەت گۈلى ئاقىلانە، مەدەنىيەتلىك ئائىلە بېغىدىلا ئېچىلىشى، مېۋىلىشى مۇمكىن.

ئائىلە ــ نىكاھ مەھسۇلى. مۇھەببەتنىڭ بەرقارار تېپىشى، شۇنىڭدەك، ئۇ مۇھەببەتنىڭ پەرۋىشگاھى ھەم

سىنايدىغان دەرگاھدۇر.

ئائىلىدە ئەركەك زاتىنىڭ بۈيۈك مۇرەببىيى ئۇنىڭ خوتۇنى بولغىنىدەك، ئايالنىڭ كۆڭۈل ئارامى ئۇنىڭ ئېرىدىن ئىبارەت. «ئۆز ئېرىنىڭ پىكىر ـ خىيالىدىن بىگانە ئايال مىسالى ئويناش» (گرېتسىن) بولغاندەك، ئۆز خوتۇنىنىڭ ئايال كىشىگە خاس كۆڭۈل ئارامىنى چارلىمىغان ئەر خۇددى ياندۇرۇلمىغان چىراغدۇر.

ئائىلە ئەركەك ئۇچۇن مۇرەككەپ دۇنياغا چىقىش ئالدىدىكى ئارامگاھ. نېرۋىلىرىنى تىنچلاندۇرىدىغان شىپاخانا، ھىجراندىن ئۆزگە تەلپۈندۈرىدىغان ۋىسال قىرغىقى، ئۆمۈر بەخش ئۇمىد رەسەتگاھى، بوران ـ چاپقۇنلاردىن پاناھلىنىش ئورنى، مۇشكۇللۇك توپانلىرىغا تاقابىل نوھ كېمىسى، مۇھەببەت تۇيغۇلىرىنى دولقۇنلاندۇرىدىغان مەيخانە، خۇپىيانە سىرلارنى ساقلايدىغان ئالتۇن ساندۇق، مىللەت ۋە خەلققە رىشتە ۋە مەسئۇلىيەت باغلايدىغان مۇقەددەس قورغان، ئۆزىنىڭ ئۆمۈرلۈك ئوبرازىنى پىلانلايدىغان لايىھە دەرگاھى.

ئائىلە ئايال ئۇچۇن ئۇنىڭ ئىلكىدىكى پىلانېتىدۇر. ئايال ئۆز ئائىلىسىدە ئۆز ئېرىنىڭ يېڭى ھەيكىلىنى تاراشلايدۇ ۋە ئىزگۈ ئارزۇلىرى ئارقىلىق تەگرىدىن ئۇنىڭغا مۇۋەپپەقىيەت تىلەيدۇ، ئەينەككە قارايدۇ، تاكى ئۇ قېرىپ

موماي بولۇپ كەتكەندىمۇ ئۇنىڭ ئىرى ئۇنىڭ گۈزەللىككە تەلپۈنۈشكە ئىلھامچى سىيما بولۇپ قېلىۋېرىدۇ. ئەركەك ئايال جىسمىدىكى ئىككىنچى جان، ھەتتا ئۆز جېنىنى قۇربان قىلىشقا ئېلىپ كېلىش ئىقتىدارىدىكى جاندۇر. ئۇ قان ۋە تومۇردىلا ئەمەس، بەلكى پىكىر ـ خىيال، تەلپۈنۈش ۋە تەلمۈرۈش، ئاڭلاش ۋە نەزەر سېلىش، خۇشال ياكى ناشادلىقىدا ھەرىكەتلىنىپ تۇرىدىغان جاندۇر.

ئائىلە بەختىنىڭ مەركىزي ئوقى بولغان ئايالنى چۆرىدىگەن ھالدا تۇرمۇش، خاراكتېر، مۇھەببەت، زىددىيەت ۋە ئىختىلاپلىرى بىلەن تاۋلىنىدۇ.

ئائىلە، مۇتلەق مەنىدە بەخت دەرگاھى ئەمەس. ئۇ، مەدەنىيەت ۋە ئەقىل ـ پاراسەت، ئەخلاق ۋە سەنئەت بىلەن بىرلەشكەن مۇھەببەت ئاساسىدىلا بەخت گۈللىنىشى بولۇشى مۇمكىن.

ئائىلە دۆلەت (سىنىپىي كۈرەش قورالى) ئەمەس، پارلامېنت سايلىمى ياكى پاي چېكى رىقابىتى دەرگاھى ئەمەس.

بىر جەمئىيەتتە ناھايىتى ئاز ساندا بولسىمۇ تۇرمۇشتا چىرىگەن، ئەخلاقىي قېلىپتىن چىققان ئەر ياكى ئاياللار بولىدۇ. ئۇلارنىڭ چىرىتىشى ۋە تەسىر قىلىشى بىلەن بۇنداق چۈشكۈنلەشكەن بەدەۋى كۆچلەر مەلۇم تۈركۈمنى

شەكىللەندۈردى، بىر قاتار چىرىتىش، ئاداشتۇرۇش تەجرىبىلىرى، ھىيلە ـ نەيرەڭلىرىگە ئىگە بولىدۇ. ئۇلار ئەقەللىي ھايۋانىي جىنسىي خاھىش ياكى بىرەر ھوقۇق، نام ـ شۆھرەت، ئىقتىسادىي تاپاۋەت ياكى باشقا تۇرمۇش قولايلىقلىرىغا ئېرىشىش ئۈچۈن خاتىرجەم، ھەتتا ئاق دىل ئائىلىلەرگە قول سالىدۇ، ئۇلاردا يۇقۇملىنىشتەك ئائىلە ۋە مۇھەببەت كېسەللىكى پەيدا قىلىدۇ. ياخشى ۋە ئېپپەتلىك ئايالى تۇرۇپ، ئار ـ نومۇسنى تاشلاپ سىرتقا قارايدىغان ھالەتنى داۋاملاشتۇرۇشتىن بىزار بولمايدىغان ئەرلەر، ياش ـ سەبىي قىزلارنى پۇل ۋە باشقا مەنپەئەتدارلىق بىلەن يولدىن ئاداشتۇرىدىغان ئەرلەر بىلەن ئېرى ۋە پەرزەنتلىرى تۇرۇپ، بىر ھەتتا بىر قانچە ئەركەك بىلەن يولسىز، ئەخلاقسىز مۇناسىۋەتتە بولىدىغان ئاياللار، ھەتتا بۇ جەھەتتە تۇركۇملىشىۋالغان ئاياللار پۈتۈن مىللەتنىڭ روناق تېپىشىدىكى مۇقەددەس قورغان — ئائىلىنى بۇزغۇچى ئىجتىمائىي جىنايەتكارلار بولۇپ، ئۇلار ئاتالمىش «جىنسىيەت ئەركىنلىكى» كۆنلۈكىدە مۇھاپىزەت قىلىنماستىن، پۈتۈن جەمئىيەت ۋە پۈتۈن مىللەت تەرىپىدىن قاتتىق ئەيىبلىنىشى، تازىلىنىشى لازىم. بۇ ئاساسىي خەۋپ — تۈپ كۆشەندە تازىلانمىسا، ئائىلە روھىيىتى خاتىرجەم، ئائىلە مۇھەببىتى سادىق

كاپالەتكە ئىرىشەلمەيدۇ.

ئائىلە مۇھەببىتىنى پەرۋىش قىلىشنىڭ مىللەت ۋە مەدەنىيەتتە تۇتقان ئورنى چوڭ. يىتىملار، ئۆگەيچىلىك، قايتا ياكى تەكرار نىكاھلىنىش قەلب گۈلزارىنى بۇزىدۇ، پەرزەنتلەردە كۆلپەتلىك تەسىر قالدۇرىدۇ، مەنىۋى قىياپەت بۇلغىنىدۇ.

ئائىلە مۇھەببىتىنى پەرۋىش قىلىشنىڭ يولى ئائىلىنى غەپلەتتە، نادانلىقتا، ئاسارەتتە تۇتۇش بولماستىن، ئائىلە مەدەنىيتى، مۇھەببەت مەدەنىيتى چۈشەنچىلىرىنى ئىچىش ۋە ئەمەلىي جەھەتتە ھەر ئىككى تەرەپ قىزغىنلىق كۆرسىتىش.

ئائىلە — ھۇجەيرە، ئۇ يېگانە ئەمەس، بەلكى باشقا ئائىلىلەر تۈركۈملىرى ئارقىلىق پۈتۈن جەمئىيەت گەۋدىسىگە باغلىنىدۇ.

ئائىلە ئىنساننىڭ تۇنجى زاكىسى، ئۆمۈرلۈك تىنىقى، ئاخىرقى يادىكارى، خاتىرە مۇزېيى، ئەۋلاد چەشمىسى. ئىنسان ئۆزى ئۈچۈن، ئۆز روھىيىتى ۋە تۇرمۇشى ئۈچۈن ئائىلىنى ياراتقان، ئۇنىڭغا جىسمىنى، روھىيىتىنى، قېنىنى، ئەمگىكىنى، مۇھەببىتىنى، ئۈمىدىنى باغلىغان. ئائىلە ئىنساننىڭ ئۆزلۈك دۇنياسى سۈپىتىدە مەيدانغا كەلگەن. ئۇ ئانا قارنى — ئومايدىن كېيىنكى ئىككىنچى،

ئەمما ئۆمۈرلۈك ئوماي.

ئائىلە ئىنسان تۈركۈمى ھېسابلانغان مىللەتنىڭ مىللىيەتلىك مەۋجۇتلۇق بىرلىكى، نەسىل ـ نوپۇس بۆلىقى، مىللىي روھىيەت ۋە مىللىي مەدەنىيەت ھۆجەيرىسى، مىللەتنىڭ زەبۇنلۇقتا بۇرۇقتۇرما بولۇۋاتقانلىقى ياكى تەرەققىيات بويلاۋاتقانلىقىنى كۆرسىتىدىغان ھەقىقىي «جاھاننەما» ئەينەك. بىر مىللەت ئۈچۈن، ئۇنىڭ سان ـ ساپاسى، مەدەنىيەت دەرىجىسى، ئىقتىدار جۇغلانمىسى، رىقابەت قۇدرىتى، كەلگۈسى بېشارىتى ئائىلىلەردىن، ئائىلىلەر ئارقىلىق، ئائىلىلەر بىلەن جۇغلىنىدۇ. ھەر بىر مۇتەپەككۇر، جامائەت ئەربابى ئۆزىنىڭ ئەڭ ئۆتكۈر دىققىتىنى ئۆز خەلقىنىڭ ئائىلىدىكى كامالەت شەكلىگە قاراتماسلىقى مۇمكىن ئەمەس.

بەخت ــــ كىشىلەرنىڭ ئۆز تۇرمۇش مۇھىتى، تۇرمۇش ئارزۇسى چەكلىمىسى ئىچىدىكى رازىمەنلىكى، دەپ قارالغاندا، ئىپتىدائىي ئىنسان بىلەن ھازىرقى زامان ئادىمىنىڭ ئۆز تۇرمۇش مۇھىتى ۋە تۇرمۇش ئارزۇسى چەكلىمىسى ئىچىدە رازىمەنلىك ھېس قىلغان بەختىيار ئائىلىنى كۆپلەپ تېپىش مۇمكىن.

ئائىلە نوقۇل شەخسىي تۇرمۇش كاتېگورىيىسى

ئەمەس. ئۇ ھەر قايسى مىللەت ۋە دۆلەتنىڭ مەدەنىيەت تىپىدىكى، بۇ مەدەنىيەت تىپىگە يۆلەنگەن، بۇ مەدەنىيەت تىپىگە تەسىر قىلىدىغان بىر ھالقا. ئائىلە توغرىسىدا توختالغاندا ئائىلىنىڭ مىللىي مەدەنىيەت تىپىدىن ھالقىغان ھالدا باشقا مەدەنىيەت تىپى ئائىلە شەكلى ۋە مۇھەببەت ھادىسىلىرىنى، مەسىلەن، ھازىر تېلېۋىزىيە، كىتاب، رومانلاردا تەسۋىرلىنىۋاتقان ياۋروپاچە، خرىستىئانچە مەدەنىيەت تىپىدىكى ئائىلە ۋە مۇھەببەت ھادىسىلىرىنى مىللىتىمىزگە تېڭىشقا بولمايدىغانلىقىنى ئۇنتۇماسلىق كېرەك.

ئائىلە ئومۇمىيلىق جەھەتتىن يەنە پۈتكۈل ئىنسانىيەتنىڭ سىۋىلىزاتسىيە دەرىجىسىگە، ئىنسانىيەتنىڭ تەبىئەتنى تىزگىنلەشتىن باشقا يەنە ئۆز ـ ئۆزىنى ئىدارە قىلىش كامالىتى دەرىجىسىگە باغلىقتۇر. دۆلەتنىڭ دېموكراتىك ياكى ھاكىممۇتلەقلىقى، ئىنسان ھەققىدىكى قاراش ۋە تەلىماتلارنىڭ ئىنسانپەرۋەر ياكى ئىنساننى خارلاش خاراكتېرى، ئىنسانىيەتنىڭ تىنچلىق ياكى دۈشمەنلىك ھالىتىدە تۇرغانلىقى بىۋاستە ئائىلە ۋە ئۇنىڭ بەختى ـ ئاپىتىگە تەسىر كۆرسىتىدۇ.

ئىنساننىڭ ئۆزلۈك ئېڭى ۋە ئىنسان مەركەز قىلىنغان يېڭى سىۋىلىزاتسىيىلىك تارىخىي جەريانىنىڭ

شەكىللىنىشىگە ئەگىشىپ، پۈتۈن ئىنسانىيەت تارىخى بويىچە ئائىلە ھەقىقىي قەلب ئۆيىگە ئايلانغۇسى.

ئىنسانىيەتنىڭ كامالەتلىك ئائىلە مەدەنىيىتى ئاسماندىن چۈشمەيدۇ، ئۇ غايىدىكى ئىجابىي رېئال ئائىلە نەمۇنىلىرىنى كېڭەيتىش ۋە راۋاجلاندۇرۇش بىلەن چەمبەرچاس باغلانغان ھالدا كىشىلىك جەمئىيىتى يۈكسىلىشىگە ئەگىشىپ، بۇ يۈكسىلىشنى ئىلگىرى سۈرۈپ مەيدانغا كېلىدۇ. بىز ئۈچۈن بىرىنچى دەرىجىلىك زۆرۈرىيەت رېئال ئائىلىمىزنى بەخت ۋە مەدەنىيەت گۈلزارى قىلىپ قۇرۇپ چىقىشتىن ئىبارەت. بۇ ئائىلىنى بىلىشنى، ئائىلىنىڭ ھازىرقى تۇرمۇش مۇھىتى ۋە مەنىۋى مۇھىتتا ئۇچرىشىشى مۇمكىن بولغان ئوبيېكتىپ ۋە سۇبيېكتىپ زەربىلەرنى توغرا مۆلچەرلەشنى، ئائىلىنى زىددىيەت ۋە پاراكەندىچىلىكتىن ساقلاپ ياكى ماھىرلىق بىلەن قۇرۇلدۇرۇپ، كامالەت، گۈزەللىك ۋە بەختىيارلىققا باشلاشقا قابىل بولۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. بۇ ھەر بىر ئىنساننىڭ ئائىلە ئېڭى، ئائىلە مەدەنىيىتى توغرىسىدىكى ئېرىشكەن تەربىيىسى بىلەن بۇ جەھەتتە تەشەببۇسكارلىق قىلىش دەرىجىسىگە باغلىق.

ئائىلە قۇرۇشقا كىيىم ۋە جاھاز ھازىرلىقىدىن مىليون ھەسسە مۇھىمراق ھازىرلىق تەلەپ قىلىنىدۇ. ئۇ

نېمىدە؟ ئائىلە قۇرۇپ زىددىيەتلەر قاينىمىدا سولغۇنلۇقفا بېرىلمەسلىكنىڭ يولىمۇ بارمۇ، ئۇ نېمىدە؟

ئوتتۇرا ياشتىكىلەر، ياشانغانلار ۋە بويتاقلار ئائىلە پاجىئەسىنى كەچۈرگەن ياكى ئۇنىڭدىن ئەندىشە قىلىدىغانلارنىڭ بەختلىك ئائىلىگە مۇيەسسەر بولۇشىدىكى ئاساسىي تەدبىر نېمىدە؟

مەن بۇ نىجادىيەتنامە ھەربىر ئائىلە ئەزاسىنىڭ ئائىلە توغرىسىدىكى يۈكسەك ئېڭى، پاك قەلبى ۋە مىللەت توغرىسىدىكى تۇرگۇم چۈشەنچىسى، مەجبۇرىيىتى بىلەن ئومۇم كىشىلىك جەمئىيىتى تەرەققىياتىنىڭ پارلاق كامالىتى توغرىسىدىكى تارىخىي ئىشەنچىدىن ھەمجەھەت بولغان سۈبيېكتتا ــــ ئۆز قەلبىڭىزدە جاۋاب بېرىمەن.

بۇ ئۈچ قاتلام ــــ ئائىلە ئېڭى، مىللەت مەجبۇرىيىتى ۋە كامالەت ئىشەنچىسى بىزگە ناھايىتى يىراق نەرسىلەردەك كۆرۈنۈشى مۇمكىن. بىز ھەتتا پاجىئە ـ ھاقارەت لاتقىلىرىدا غالىبانە ئۈزگەن ھەم ئىچكى روھىيەت ــــ ئائىلىۋى تۇرمۇشتا بەختىنىڭ ئۆز قۇربىتى يېتىدىغان ھەممە ئىمكانىيەتلىرىنى رىئاللاشتۇرغان، ئەر ـ ئايال ۋە پەرزەنتلىرى بىر ـ بىرىگە ھەم پۈتۈن جەمئىيەتكە تۆھپىكار بولغان ئائىلە نەمۇنىلىرى ئىنتايىن نۇرغۇن. بۇ ئائىلىلەرنىڭ ماددىي بايلىقىدىن مەنىۋى بايلىقى مىڭ

ھەسسىلەپ نۇرغۇن. ئويلاڭ، ئۇلار ئاڭ بىلەن، ئىپتىخار بىلەن، ئېتىقاد بىلەن ئۆز قەلبىنى يورۇتقان ۋە بۇنداق نۇرانە قەلب بىلەن ئۆز ئائىلىسىنى يورۇتقان. سىز ئالدى بىلەن تەرسالارچە رىقابەتكە تولغان رېئال دۇنيادا پۇل، مەنسەپ، شۆھرەت ۋە بۇلغىنىش يولىغا ئۆزىڭىزنى ئاتماڭ. بۇ «بارسا كېلەر، يا كەلمەس» يول. سىز ئاۋۋال مەنىۋى تۈزۈلمىڭىزنى تۈزەڭ. ناباب ئاتا ـ ئانا ۋە ئائىلە ـ جەمئىيەت تەربىيىسى سىزگە يۇقتۇرغان ئىللەتلەر بىلەن ئاتالمىش «جىنسىي ئەركىنلىك» تەرغىباتى كۆڭلىڭىزنى بۇزۇۋاتقان مەنىۋى ساتقۇنلۇق، روھىي قاراقچىلىق، تۈرمۈش چۈشكۈنلۈكلىرىدىن ئۆزىڭىزنى ئېرىغداڭ. ئۆز سەۋەنلىكلىرىڭىزنى ئۈمىدسىزلىك بىلەن ئەمەس، بەلكى نەپرەت، جاسارەت ۋە ئۈمىدۋارلىق بىلەن كۆرۈڭ، ئۇنىڭ بىلەن كۈرەش قىلىڭ. سىز ياخشى ئەر، ئاتا، مىللەت ئىپتىخارى؛ ياخشى ئايال، ئانا، خەلق پەرزەنتى بولۇشقا قادىرسىز. ئالەم ئۇزۇن، سىزدىن كېيىن پەرزەنتلىرىڭىز، نەسىل ـ نەسەبىڭىز پاك ياشىسۇن. سىزدىن باشقا خەلقىڭىز ـ مىللىتىڭىز روناق تاپسۇن.

شۇنداق! ئائىلە مىللەت ـ ۋەتەننىڭ بوسۇغىسى، بۆشۈكى ۋە بوستان. مىللەت ـ ۋەتەن ئۇلۇغ ۋە تەڭدىشى، تەكرارى يوق مۆمكىنلىك. ئۇ يالغۇز ھەر بىر مىللەت ـ

ۋەتەن ئەزاسىنىڭ تۇغۇلمىقى، تىرىكچىلىكى ئۇچۇنلا ئەمەس، مۇھىمى مەدەنىيەتنى مەركەز قىلغان مىللىي تىپى، مىللىي ئىپتىخارى، ئەرك ـ ھۆرىيەت تۇيغۇسى، ئەخلاقىي رازىمەنلىكى ئۇچۇنمۇ ئەڭ تۇپلۇك ھالقا. ۋەتەن يالغۇز مىللەت ئۇچۇنلا ئەمەس، ۋەتەن تەبىئىتى ئۇچۇنمۇ مۇزلۇقلار، دەريا ـ كۆللەرنىڭ يوقىلىپ كەتمەسلىكى، تەبىئىي ئورمان ۋە ياۋايى ئورمانلارنىڭ خاراب بولماسلىقى، ئەقەللىي چۇمۇلىگىچە بولغان جانلىق ھايۋاناتلىرىنىڭ، ياۋايى گىياھلارغىچە بولغان تەبىئىي ھاسىل ئۆسۈملۈك تۇركۈملىرىنىڭ زەربە ـ قىسمەتكە ئۇچرىماسلىقى ئۇچۇنمۇ چوڭ ھامىي قورغان. بۇ بىزگە بىر تېرەن ھېكمەتنى ــــ جانلىق ـ جانسىز تەبىئەتمۇ ئائىلىگە كامالەت تىلەيدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. مىللەت ئۇرۇقى بولغان ئائىلىنىڭ ھەرگىز قىلچە بىپەرۋا بولغىلى بولمايدىغان غايەت ئۇلۇغۋار تېماتىكا ئىكەنلىكى شۈبھىسىز.

ئويلاپ قاراڭ. ھەر خىل ھېكايە ـ رومانلار، ھەر خىل تېلېۋىزىيە ـ كىنو فىلىملىرى، ھەر خىل ئىشقى ناخشا ـ شېئىرلىرى، ھەر خىل غەربچە مۇھەببەت ۋە ئائىلە قاراشلىرى كۈچەپ تەرغىب قىلىنىۋاتقان كىتابلار، ھەر خىل كىيىم ـ كېچەك، ئۇپا ـ ئەڭلىك، زىبۇ زىننەت ۋە

ئالىيېشىل چىراغلار بىلەن كۆزنى چاقنىتىدىغان رېستوران ـ مەيخانىلار، ھەر خىل شېرىن سۆزلەرگە ماھىر ئەر ياكى ئايال كەسپىي ئالدامچىلار مۇھاسىرىسىگە چۈشۈپ قالدىڭىز! بۇ رېئال چىنلىق.

مەن خەلقىمگە ئائىلىۋى بەخت تىلەيمەن. ئەمما، بۇ بەخت ئايرىم ئىنسانلارنى مۇھاسىرە قىلىۋالغان «بەخت» كۆرۈنۈشىدىكى قات ـ قات چەمبەر ئىچىدە ئەمەس، بەلكى، سىزنىڭ قەلبىڭىزدىكى ئەقىل ـ ئىدراك، ۋىجدان ـ ئېتىقاد، بىلىم ـ تەپەككۇر، جاسارەت ـ غەيرەت بولاقلىرىڭىزدىدۇر.

# ئاتا ـ ئانا، قاياش ۋە خاتونلارنىڭ بەيانى

ئىنايەت بىرلە ھەق بائىس قىلىپ بىزگە ئاتا پەيدا،
ئاتاغە ۋاسىت ئەيلەپ ھەق تەۋەللۇدغە ئانا پەيدا،
بۇلارغە كىم ئىتائەت قىلماسە تۇرلۇك خەتا پەيدا،
خەتا قىلغان كىشى ئاخىر قىلۇر ئۆزگە خەفا پەيدا،
خەفا پەيدا دېمەس بولسە، ئاڭا بىر كۈن جەفا پەيدا.

ئاتا بىرلە ئانادىن سۇڭرە بىر تۇغقان قارىنداشدۇر،
قارىنداشقە كىشى يەتمەس ئەگەرچە يا قارى ـ ياشدۇر،
قارى بولسۇنۇ ياش بولسۇن نەچۈلەنگە بىرى باشدۇر،
بىرى باشدۇر قارىنداشدىن ئانىڭ ئاغزى ـگېلى ئاشدۇر،
گېلىكىم ئاشقە توقنى كۆرسە، دەر بولمىش ئاكا پەيدا.

ئاكاسى يوق كىشىگە بىر ئاين ئەلبەتتە ھەم لازىم،
ئاينىسىغە ئاغا گوياكى ئەئلەم، مۇفتى ھەم قازىم،
مۇنى راست دېمەسە ھەر كىم ئاڭا زايىئ بۇ ئەلفازىم،

بۇ سۆزلەرنى قەبۇل تۇتقان مېنىڭ ئەلبەتتە دەمسازىم،
دەمىنى ساز تۇتقانغە ئۇكاسىدىن ۋەفا پەيدا.

يەنە ئىككى قارىندا ـ ئايچا بىرلە سىڭلىسى ھەمشىر،
غەنىيمەتدۇر بۇ مەزلۇملار ئەگەرچە بولسەلەر كەمپىر،
ئانى كۆرسە دېگەي جانىم قارىندا ئۆيگە ھەمدەم كىر،
سوراب ئەھۋالىنى ئايتقاي كۆرۈپمەن سەندە بىر غەم ـ كىر،
سېنى كۆرگەچكە كۆڭلۇمگە ئەجەپ بىر خۇش ياقا پەيدا.

ئاتا بىرلە ئانا بىر تۇغقانى بولسە بۇ ياخشى خىيش،
زىمىستاندا كىشىنىڭ كۇلسە خىيشى قىش كېتەر ئېرمىش،
بەھار كۇنلەر يېتىپ بىر ـ بىرنى چىرلاپ ئايتاشۇر فىش ـ فىش،
كېلىنىڭ دەرمىش كېلىۇرلار خىيشۇ ھەم دەرۋىش بۇ ئىش ئىشتىش،
بۇ كەلمىش ياخشى ئىش ئېرمىش بۇ كۇن بىزگە تاغا پەيدا.

يەنە قالغان ئىكى ـ ئۇچ تۇغقانىنى ئۆز جەمائىم دەپ،
جەمائىم بىرلە چاي ئىچسەم ئەجەب شىرىن تەماغىم دەپ،
كىشى مەندىن سوئال سورسە ئاڭا بۇدۇر جەۋابىم دەپ،
جەۋابىم بۇ جەمائىمنىڭ جەمالى كۆپ سەۋابىم دەپ،
جەمائە خىيشلارنى يوقلاسە خەيرۇل ـ جەزا پەيدا.

يەنە ھەم ئەرۇ خاتۇن بەندەگە ھەقدىن ئەجەب نىئمەت،
بۇ نىئمەت قەدرىنى بىلمەس كىشىگە قانچە دەپ لەئنەت،
ئاخىر كۇنلەردە ئۆلمەسدىن بۇرۇن باسقاي ئانى مىھنەت،
كىشى نىئمەتكە شۇكۇر ئەتسە، تاپار رەھمەت، قاچار زەخمەت،
مۇۋافىق ئەر ـ خاتۇن بولغانغە لۇتفى ھەق ئەتا پەيدا.

يەنە تۆرتنى قەرىن ئاتا، قەرىن ئانا دىمەك رەسمى،
بۇ رەسمىنى دىمەي ئۆزگە ئاتىنى بىز دىسەك ئەسكى،
ئاتا ئەسكى كېلىنىياكى كۇيەۋ ئوغلان بولۇر خەسمى،
چەراكى ئول قەرىن بولماقغە فەرزەندى ئېرۇر دەسمى،
ئۇلارسىز بولماغاي ئېردى ئاكا بىرلە ئۇكا پەيدا.

بۇ ئىككىدىن جەھان خەلقى ئەجايىب بارچە كۆڭلى خۇش،
كۆڭۇل خۇشلارى خۇشلاشماق بىلە خۇشلۇقدا خۇب بىھۇش،
بۇ بىھۇشلارنى ئەھلى ھۇش خۇشامەت بىرلە قىلدى قۇش،
قوشالماسقە قوشاق قوشماق بىلە قوشلاشدا گەردى جۇش،
كۆڭۇل جۇشقە كىرىپ سەھرادا قىشلاق يا چاقا پەيدا.

يەنە ھەم ئەرۇ خاتۇنلار بىلەن تۇغقانلارى قالدى،
مۇنى ئايماسقە ئالەمنى جۇۋان ـ چوكانلارى ئالدى،
زەمانە ئەرلەرىنى شول ئىكى ئالغانلارى سالدى،

ئانى سالديۇ سالماقدا سۆزى يالغانلارى بالدى،
بولۇپ بۇ ئىش خۇسۇس ئۇشبۇ زەمانلاردا يىغا پەيدا.

تامام ئەيلەپ ئۇرۇغ ـ تۇغقان بەيانىدىن بۇ دەم توختاي،
بۇ سۆزنى توختاماي ئايتماق خېلى ئېرمەسدۇركى ھەم يوقلاي،
مۇبادا يوقلاماي بەئزى ئىشتىكەنلەر قالۇر ئۇقماي،
كىشى ئۇقماس رىۋايەتلەرنى مەن نەزم ئەتكەلى يۇقماي،
يۇقۇنماق موللا ئابدۇللاھدىن ئېرمەس ھېچ سەخا پەيدا.



www.uyghurkitap.com

# ئەۋۋەلقى باب ئاتا ـ ئانا، خىيشاۋەندلەرنىڭ بەيانى

## دادا

ئەي يارانلار، لۇتفى ھەقدىن يەر ـ جەھان قىلغان ئاتا،
ۋاي بالام دەپ يەرگە ھاۋلى، ئۆي ـمەكان قىلغان ئاتا.
ئاناسىدىن بىر قىزىل گوشتدەك تۇغۇلسە سۆيۇنۇپ،
ئۆزىنى مېھمان قىچىرماقغە رەۋان قىلغان ئاتا.
كەلسەلەر مېھمان ئۇلارگە ياخشى دەستۇرخان سالىپ،
خىزمەتىدە ئۆزلەرىنى ھەر قايان قىلغان ئاتا.
بارچەلەرگە چاي قۇيۇپ، فەرزەندىگە ئات قويدۇرۇپ،
ئاڭا ئاش ـ نان ئۇستىگە كۆڭلەك ـ چافان قىلغان ئاتا.
ئاشنى فات ـ فات يېگەلى، ئىگىننى قات ـ قات كىيگەلى،
سۆزنى ۋات ـۋات دېگەلى گويا زەبان قىلغان ئاتا.
بولسە بۇ فەرزەند بالىغ فۇل بىلەن ئۆيلۈك قىلىپ،
تەربىيەتنى يىلۇ ئاي، كۈن، ھەرزەمان قىلغان ئاتا.
كۆڭلى فەرزەندغە مۇشفىق ھەم ئانىڭ فەرزەندغە،
شەفقەتىنى بالاسىغە ھەر قاچان قىلغان ئاتا.

ئۆلسە فەرزەندى مۇبادا، ۋاي بالام دەپ ئاھ ئۇرۇپ،
ئۆزى بىر يان، كۆزى گىريان فۇل تالان قىلغان ئاتا.
نەمازنى ئوقۇتۇپ بولسە لەھەدكە كۆمۇدۇرۇپ،
كۆڭلىدە فەرزەند داغىنى نىھان قىلغان ئاتا.
بەئزنى ئەرگە بىرىپ ھەم بەئزى قىزنى تاگىپ،
نەفسى شەھۋەتنىڭ بەلاسىدىن ئەمان قىلغان ئاتا.
ئۆزنى تابئىسگە ھاكىم، بالالارنى بەگ قىلىپ،
كۆپ تىرىپ كەفەز، قوناق، بۇغداي ـ سامان قىلغان ئاتا.
شال، كۆمەك، فۇرچاق، زىغىر، زاغۇن، بىدە، ئارفە، تارىق،
ماش، لوبىيا تىرىغانلارنى بەيان قىلغان ئاتا.
يا ئانىڭ فەرمانى بىرلە سودەگرلىك قىلسەگەر،
بىر سۆزى ئەسلا خەتا كەتمەي ھەيان قىلغان ئاتا.
تاپقان ئاش ـ نانى خوتۇن، فەرزەند، كىلىنگە يىدۇرۇپ،
ھەم كۇيەۋ ئوغلىنى چىرلاپ داشقازان قىلغان ئاتا.
كەلسەلەر كىم خىيشلارنىڭ خىيشى ھەم دوستىغە دوست،
مىۋەنى تارتىق قىلىپ باغنى خەزان قىلغان ئاتا.
يىل باشى كۇنلەردە كەلسە ئەبرە ـ نەبرە ياسانىپ،
چالدۇرۇپ تەنبۇر ـ دۇتار ئۆينى چاغان قىلغان ئاتا.
بەئزى كۇنلەردە قارىنداش كەلسە كۆپ خۇرسەند بولۇپ،
بۇ جەھانسازلىقدا ئۆتكەننى ئەيان قىلغان ئاتا.
بەئزى كۇندە ئاندا ـ مۇندا بارماقى كەلسە زەرۇر،

بالالارنى يورغاسىدىن يەلتافان قىلغان ئاتا.
سەن قاچان بىلگەيسەن، ئابدۇللاھ، ئاتاڭنىڭ قەدرىنى،
ئايتماغىل بىزنى باقىپ شۇنداغ يامان قىلغان ئاتا.

## ئانا

تەڭرىغە بەندە تۇغۇپ دائىم چېكىپ زەخمەت ئانا،
رەنجى زەخمەت بىرلە تۇغقانىغە كۆپ رەھمەت ئانا.
كۆتەرىپ ئون ئاي قوساقدا تۇغسە يەرگە بىر كۇنى،
قىلغۇسى مۇنداق جەفادا جانىدىن ۋەھشەت ئانا.
ئانى يۇپ پاكىزە ئەيلەپ كۆرفەدە يۆرگەپ باقىپ،
ئىچۇرۇر ئاغزىغە دەرھال سۇت بىلەن شەربەت ئانا.
چايناغان نانغە بۇ فەرزەند بولغۇسى دائىم شىرىك،
قايسى تاتلىق نەرسەنى يەپ تافقۇسى لەززەت ئانا.
تۇغۇلۇپ فۇتى توكار، قولى چولاق، ئاغزى گاچا،
تافسە سالغاي بۇ كوماكنىڭ ئاغزىغە نىئەمەت ئانا.
ئۆيدە يوتقان، كۆرفە بەلكى جاينەماز، ئەسكى كىگىز،
ھەم چافان، كۆڭلەكنى فاتلاپ فوق بىلەن مىهنەت ئانا.
بەئزى ئاشفەز، بەئزى نانباي، بەئزى سەيفۇڭلۇق قىلىپ،
قاچانى يۇپ، فوق ئېرىغلاپ، سۇفۇرۇپ ئەخلەت ئانا.
ھاجىلار ئىككى ھەرەمدە تەڭرىنى تافتى دېسەم،

ھەقنى تاپماقلىق رىزايى ئۆيدەكى دەئۆەت ئانا.
خاتۇن ئال دەيدۇر ھەمە راستدۇر ئاڭا ئال تۇشكەنى،
ئوغلىنى ئالداپ بۇ دۇنيادىن قىلۇر رىھلەت ئانا.
يىغلاغان بىرلە تىرىلمەي كەتكۇسى يەر قەئرىگە،
تاپماغاي بىر كۇن ئەجەلنىڭ دەستىدىن مۇھلەت ئانا.
بالانى دەپ روزگارنىڭ راھەتىدىن ئايرىلىپ،
مۇز بۆشۈك بىرلە كۆرەلمەي لەززەتى شەھۋەت ئانا.
بىلسەڭ، ئابدۇللاھ، سىنى ھەم شۇنچە باققاندۇر ئاناڭ،
ئايتماغىل شول خىزمەتىنىڭ ئورنىغە لەئنەت ئانا.

## بوبا

ئاتاسىنىڭ ئاتاسىنى بارچە دەپدۇر چوك دادا،
ئۆزى بىرلە ئاتاسغە بىر سەبەبدۇر چوك دادا.
شۇبۇ بۇزۇرگۋار ھەياتلىقدا ئەجەب ياخشى مەزار،
ھەر كۇنى فەرزەندىغە مەقسەت - تەلەبدۇر چوك دادا.
ھەر قاچان بىر مۇە تاپسە نەبرەسىنى ياد قىلۇر،
ھىچ سىرىن نەرسەنى يالغۇز يىمەپدۇر چوك دادا.
ئوقۇتۇپ ئالىم قىلۇرغە سەئيىسى كۆپدىنمۇ كۆپ،
بىلىشى گويا ئەجەم بىرلە ئەرەبدۇر چوك دادا.
ئەلى فەرزەندىنى ياخشى يىلىغە سالماقدۇر غەرەز،

نەپرەنى ئادەم قىلىپ بائىس ئەدەبىدۇر چوڭ دادا.
بۇباسىنىڭ ياخشىلىق فەرمانىغە قىلسە خىلاف،
شول زەمان ئول نەبرەغە كۆڭلى غەزەبدۇر چوڭ دادا.
بالا خىرمەن كالاسىدۇر، بۇباسى ئاندا مومۇن،
ئاراسىدا يۇگۇرۇپ يۇرسە ئەجىبدۇر چوڭ دادا.
بالا بەچچە ئۆزى بىر ئەۋلادلارىغە پىر ئېرۇر،
كۆپ ئۇلۇغلۇقدىن بوبا بىرلە لەقەبدۇر چوڭ دادا.
بوباسىز، بىچارە ئابدۇللاھ، ئەجەب كۆڭلۇڭ سۇنۇق،
كۆپ سەنەددۇر ساڭا دائىم خۇب نەسەبدۇر چوڭ دادا.

## موما

ئەي يارانلار، تەبىيەت ئەيلەپ باقىشلىق چوڭ ئانا،
ياشىغە يەتكەندىن مىزاجى خۇش ياقىشلىق چوڭ ئانا.
ھەر قاچان كەلسە كۆرۇپ بۇ نەبرە ـ فەرزەند دەپ سۆيۇپ،
نارەسىدە بولسەلەر قولغە ئالىشلىق چوڭ ئانا.
بەھزىلەردە بالا ـ بارقە، نەپرەلەرنى قىچقىرىپ،
تاپقانىنى قازانىغە يۇپ سالىشلىق چوڭ ئانا.
ئانى پىشقاندا ئالىپ فەرزەندىنى قول چايقاتىپ،
ۋاي بالام دەپ، ئالدىدا خىزمەت قىلىشلىق چوڭ ئانا.
مىۋە، نان، قايمان، قىتىق، دۇغ، شورپە، شىرچاينى قۇيۇپ،

يەنە لەڭمەن، ياغلىق ئاشلارنى ئېتىشلىق چوڭ ئانا.
بالا- بارقە، ئەبرە - نەبرە يانسەلەر ئۆز جايىغە،
خوبلاشىپ بۇ چوڭ ئاناسى بىرلە شول كەلگەن يىغىن،
ھەممەسىدىن ئايرىلىپ ئۆيدە ياتىشلىق چوڭ ئانا.
يەنە نەچچەند كۈن ئۆتۈپ فەرزەندلەرنى سېغىنىپ،
نەبرەسىنىڭ ئۆيىگە زەللە ئالىشلىق چوڭ ئانا.
بارسە ئاندا نەبرەلەر گۈل غۇنچەسىدەك كۆرۈنۈپ،
بىر چىرايلىق ئەسسەلام بىرلە كىرىشلىق چوڭ ئانا.
ئەھلى فەرزەند، نەبرەلەردىن ھال سوراپ بىردىن سۆيۈپ،
ھەممەگە كۆپ تۇھفە كەلتۈرگەچ بېرىشلىق چوڭ ئانا.
بالالارنىڭ باشىغە گۈل، قاشىغە ئوسمەن تېرىپ،
قويدۇرۇپ بۇ ئوسمەلەرنى بىر غېرىشلىق، چوڭ ئانا.
قاتلامۇ، سامسۇ، توقاچلارنى قويۇپ ئالدىدا كۆپ،
بارچەلەرنىڭ ئاغزىنى قىلغاي يېمىشلىق چوڭ ئانا.
قىزلارى بىرلە كۈيەۋ ئوغلى مۇۋافىق بولماسە،
ياخشىلاشتۇرماقغە غەيرىدىن كېلىشلىك چوڭ ئانا.
نەبرەلەردىن قىز - ئوغۇل بولسە ئۆزى خۇب سۆزلەشىپ،
مەسلىھەت بىرلە ئانىڭ يولىن بىلىشلىق چوڭ ئانا.
ئەھلى فەرزەند ئاراسىدا جەڭ - جەدەل بولسە سوراپ،
بىر ئېغىز سۆز بىرلە ئاغزىنى يىغىشلىق چوڭ ئانا.
يا ئۇلارگە بىر مۇسىيبەت يەتسە ھەم دەرھال كېلىپ،

تەئزىيەت  ئەيلەپ يانىپ ئۆيگە كېتىشلىق چوڭ ئانا.
ئەھلى ئەترافىدا توي بولسە ئاڭا شامىل بولۇپ،
سۆزلەرى ئالەم ئاراسىدا سىغىشلىق چوڭ ئانا.
ھەر قاچان بىر مەتفەئەتلىك سۆزنى تاپسە ئاڭلاشىپ،
قۇلاقىنىڭ توفاسى بولسە قېقىشلىق چوڭ ئانا.
باشى ئەتمە، قاشى ئوسمە، ئۇفە- ئەڭلىك يۇز بىلەن،
ئۆيىدىن چاققان جۇۋان قالتاق چىقىشلىق چوڭ ئانا.
ئاھ، ئابدۇللاھ، سېنىڭ ھېچ چوڭ ئاناڭ بارمۇ ھەيات،
بولسە ئەلبەتتە سېنى ئىستەپ تافىشلىق چوڭ ئانا.

## ئاكا

شۇكر، ھەق بەردى قارىنداش بەئزىگە ئول يار ـــ ئاكا،
ئۇكاسىنىڭ غەمىنى يەپ كۆرگەلى شول زار ئاكا.
كەلسە تەڭلىك ئۇكاغە دەرھال كېلىپ ھەمدەم بولۇپ،
ئەنبىيالار رۇھىدەك ئول كۇن ئانى قولدار ئاكا.
يا خەلايىقدىن مەلۇم بارسە قاشىغە ناگەھان،
كۆڭلىگە تەسكىن بېرىپ سەبىر بىلەن يوللار ئاكا.
بەئزى كۇنلەردە سەرەمجان ياكى قەرز سورسە بېرىپ،
بولغۇسى ئاندا ھەمە بىگانەدىن شول يار ـ ئاكا.
بىر چىنى چايدا مۇبادا يادلانىپ قىچقىرسەلەر،

ۋاي ئۇكام دەپ بويىنىنى ئاندىن قاچان تولغار ئاكا.
جانىغە ئەھلى جەھانلاردىن جەزا يەتسە ئەگەر،
دوستلارى بىرلە ئاڭا ھامى بولۇپ غولدار ئاكا.
بەئزى دۈشمەن كافشۈغاندا دەرمەھەل پەيدا بولۇپ،
ئانداغ ئادەملەرنى ھەم رەسۋا قىلىپ بۇلغار ئاكا.
ئاش - ئوزۇقسىز كۆنلەرى بارسە مۇبادا قاشىغە،
خورجۇنىغە ئۇن قويۇپ قىلغاي ئانى كولبار ئاكا.
سورسە ناگاھ بەئزى نەرسەم يوق، ئۆيۈڭدە بارمۇ دەپ،
ئايتقۇسى ئۆيدىن سوراپ: «جانىم ئۇكام ئول بار» ئاكا.
ھەر كىشىگە ئۇكا لازىم، ئاكا ھەم ئاندىن زۆرۈر،
سەن كىچىك دەپ گەردەنىنى قىلماغاي بولجار ئاكا.
كۆپ خەلايىقلار قارىنداشدەك يۈرەر بەش -ئالتە كۈن،
ئايتماغاي يانچۇقدا فۇل بولسە ماڭا غول بار ئاكا.
ئاھ، ئابدۇللاھ، سېنىڭمۇ بىر ئاكاڭ بولسە ئىدى.
نېش ئۇرۇپ سېنى چاقارمۇ زەرىف ئاخۇند مار، ئاكا.

## ئۇكا

ھەق بېرىپدۇر ئاكالارغە ئەھلى ئۇلفەتلىك ئۇكا،
ئۇلفەتى بىرلە ئانىڭ ئالدىدا خۇلقەتلىك ئۇكا.
كىچە - كۈندۈز مۇنىسى ھەم مۇڭداشى ھەم مۇخلىسى،



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

ھەم قاياشى ھەم ئاداشىدۇركى سۇلكەتلىك ئۇكا.
بولسە ھەر يەردە قارىنداش بىر ـ بىرىگە كۆپ ياراش،
يوق ئۇرۇش بىرلە تالاش بولۇرمۇ كۇلفەتلىك ئۇكا.
ئولتۇرۇردا ھەمدەمىدۇر، يول يۈرەردە ھەمرەھى،
ئۆزگەلەردىن مەھرەمىدۇر ئۆيگە رۇخسەتلىك ئۇكا.
كۆرسەتىپ كۆپ مەسلەھەت ھەم مەنفەئەت ھەم مەرتەبەت،
ھەق تەرەفكە مەئرىفەتنى دىندا قۇربەتلى ئۇكا.
غەيرىدىن كۆپ ئاشنا، قىلغان ئىشىدۇر جاباجا،
سۆزلەرىدە نارەۋا يوق ھېچ سۇرەتلىك ئۇكا.
كۆڭلىدە سىر بولسە مەخفى لايىقىدۇر ئايتقالى،
بەئزى دەردىگە خەرىدار بولغۇسى چۇفقەتلىك ئۇكا.
كۆرگۈسىدۇر ئۆزنى مەئقۇل، سۆزنى مەقبۇل ھەرزەمان،
تېرىغاندىن قىلدى مەھسۇل تافسە فۇرسەتلىك ئۇكا.
ئاكاغە ئىززەت قىلۇر، ئىش بۇيرۇسە خىزمەت قىلۇر،
كۆڭلى خۇب ھىممەت قىلۇر، كۈچ بىرلە قۇۋۋەتلىك ئۇكا.
بولسەلەر تەبىئىي بىسىق بولغاي ئاكاسىغە رەفىق،
كۆرگەلى ئوتدەك قىزىق كەلمەككە جۈرئەتلىك ئۇكا.
ئۆلسە ناگاھ، ۋاي قارىنداشىم دېمەسمۇ يىغلاشىپ،
ئەھلى ماتەم ئاراسىدا ئىسمى شۆھرەتلىك ئۇكا.
بۇكۇن ـ ئەرتە ئۆلسە ئابدۇللاھ، كېلۇرمۇ ئۇكاسى،
قايدا كەتتىڭ تاز ئاكام دەپ خۇشمۇ غەيرەتلىك ئۇكا.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

## ئايچا

بىرىپ ھەق بەندەگە دىلدار ئايچا،
ئۇكام دەپ يىدىنى يىلدار ئايچا.
ئاناسىدەك قىلىپ كۆپ مىھرىبانلىق،
ئانى بىگانەدىن ئىلغار ئايچا.
قاياندا ئاڭلاسە بىر قايدالىقنى،
قولىنى شول تەرەف شىلتار ئايچا.
ۋە بەئزەن نەرسەلەرنى سورسە ئاندىن،
دىگەي: «ئاندىن نەچە خىل بار» ئايچا.
يامانلىق قىلسە ھەر دۇشمەن ئانىڭغە،
ئانى يوق ـ باردا تىللار ئايچا.
كىشىكىم بولسە مەزلۇملار بىلەن يار،
ئۇلارنىڭ ھەممەدىن خىل يار ئايچا.
ۋەفاسىز بولسە چوڭ ھەمشىرە ناگاھ،
ئانى كۆڭلۈڭدە سەن بىل خار ئايچا.
ھەر ئادەم بەرسە دەشنام ئۇكاسىغە،
ئانىڭ ئاغزىدا ھەم تىل بار ئايچا.
ئەگەر ئول ئۆلسە ئىلگىر ئايچاسىدىن،
قاياشىم دەپ بۇ يىغلار زار ئايچا.

مەدەسىز قويماسۇن رۇھۇڭغە دەپ قوي،
ھەياتلىقدا ئانى بىل، بار ئايچا.
يوق، ئابدۇللاھ، سىنىڭ ئايچاڭمۇ ئەسلا،
ساڭا ئۆزنى سۇۋار گىلكار ئايچا.

## سىگىل

بولسە ھەمشىرەڭ كىچىك ئايتقىل ئانى، ئەي يار، سىگىل،
ئايتماغىل ھەرگىز ئانى لازىم ئەمەس بىكار سىگىل.
ھەر كىشىنىڭ سىگلىسى باردۇر قارىنداشى ئېرۇر،
سەن ئانى سىگلىم دېسەڭ، سەندىن ئەمەس بىزار سىگىل.
ئول ئاتاڭ بىرلە ئاناڭنىڭ كۆزلەرىنىڭ نۇرىدۇر،
سۆزى بۇلبۇل، يۇزى گۇل ھەم يىدلارى ئىفار سىگىل.
ئاكا ـ ئۇكا ئايچاغە مۇھتاج ئوشۇل بىچارەلەر،
بولسە قاشىدىن يىراق ئەلبەتتە كەدىيدار سىگىل.
كىم ئانى بىۋەجھ ئاغرىتسە ئانىڭدىن ھەق مەلۇل،
ئانى كىم ئاغرىتماسە كۆڭلى ئەمەس بىمار سىگىل.
ھەق ئوشۇل ھەمشىرەلەرنىڭ بەختىنى بەرسۇن دەۋام،
بەختى بولسە ھەر قاچان ئاتلىق كېلىپ يايرار سىگىل.
بولسە ھەمشىرە مۇبادا تۇلۇ بەدتالىئ زەبۇن،
ئولتۇرۇپ مىھنەت بىلەن كۆڭلەك ياماپ شىيدار سىگىل.

كىيسە بۇ شىداق ئىگىنلەرنى قاياشنىڭ ئالدىدا،
ھەممەسىنىڭ كۆڭلىگە ئار كەلتۈرۈپ قىينار سىڭىل.
ئاندىن ئۆتسە دۈشمەنىنىڭ ئىشىكىدە خارۇ زار،
ئاغزىنى قاتتىق كۈيۈك نانلار بىلەن غىدار سىڭىل.
ئۆلمەگۈنچە كىم بىلۇر ھەمشىرەلەرنىڭ قەدرىنى،
بىلسە بىر تۇغقان قارىنداش، بىلمەسە نې نار سىڭىل.
ھەر قاچان ھەمشىرە بۇلبۇل بار، چەمەن گۈل باغ ئېرۇر،
گۈلدىن ئايرىلسە چالۇر دېۋانەدەك سېفار سىڭىل.
شۈكىر قىلمايسەنمۇ، ئابدۇللاھ، ئىككى سىڭلىڭمۇ بار،
سېنى ياد ئەيلەپ تۆنەكدە ئۇخلاماي بىيدار سىڭىل.

## قارىنداش

ئىشتىكىل جانۇ جانانىم، قارىنداش،
ماڭا سەن گۈلۇ رەيھانىم، قارىنداش.
كۆزۈم رەۋشەنلىكى دىيدارىڭ ئۈچۈن،
قىزىل گۈل ھەم گۈلىستانىم، قارىنداش.
جەمالىڭنى كۆرەرگە زار بولدۇم،
ئىچىمدە كۆپدۈر ئەرمانىم، قارىنداش.
ماڭا سەندەك كۆرەكشلىك قايدا بولغاي،
كۆڭۈل شەھرىدە سۇلتانىم، قارىنداش.

خەزان يافراغىدەك سارغاردى يۈزۈم،
بارۇرغە يوقدۇر ئىمكانىم، قارىنداش.
يولۇڭغە تەلمۈرۈپ يىغلارمەن ھەر كۈن،
كېلۇر دەپ ئۆيگە مىھمانىم، قارىنداش.
كېچە ـ كۈندۈز ساڭا ھالىمنى ئايتسام،
بۇ دەردىمدىن فەرىشانىم، قارىنداش.
ئەجەب ئۆلمەي ئىكەۋلەن ئايرىلىپمىز،
يۈرەكلەر بولدى بىر يانىم، قارىنداش.
سېنى مەن كۆپ سېغىنغاچ زار ئەيلەپ،
يېتىشمەس زارۇ گىريانىم، قارىنداش.
تىرىكلىكدە ماڭا سەن بىر دۇئاگوي،
ئەگەر ئۆلسەڭ شەھىدانىم، قارىنداش.
دۇئايىڭ مۇستەجابىدىن يۈرۈپمەن،
نە ئارماندۇر قارىغانىم، قارىنداش.
سېنىڭ ئالدىڭدا بارچە فايدا بىكار،
نەدۇر كەسبىم تېرىغانىم ـ قارىنداش.
كۆرەي دەپ مەن قاشىڭغە بارغانىمدا،
دېگەيسەن: كەل، غەرىبانىم، قارىنداش.
خۇدادىن ئۆزگە سەندەك نە كىشىم بار،
ئېرۇرسەن پىرۇ ئىشانىم، قارىنداش.
ماڭا سەنسىز بۇ كەڭرۇ شۇنچە دۇنيا،

قاراڭغۇ، تار زىندانىم، قارىنداش.
بۇ كۆڭلۈم بىر نەزەر چەشمىگە مۇشتاق،
نەزەر يوق بولسە سىنغانىم، قارىنداش.
تۇتۇپدۇر سىرنى ئابدۇللاھ كۆڭۈلدە،
گۇۋاھدۇر ئاڭا ئىمانىم، قارىنداش.

## قارىنداش

فەرىشاندۇر كۆڭۈل يادىڭدا، ئەي جانىم قارىنداشىم،
جىگەر پارەم، كۆزۈمنىڭ نۇرى ئىمانىم قارىنداشىم.
ئەجەب بۇ جاننى تەرك ئەتمەي تىرىكدۇرمەن بۇ ئالەمدە،
هاياتىمغە سەبەب سەن پىرۇ ئىشانىم قارىنداشىم.
ئۇشۇل كۈن سەندىن ئايرىلدىم، قاراڭغۇ بولدى بۇ ئالەم،
كىشى بىلمەس ئۆزۈمدىن ئۆزگە زىيجانىم قارىنداشىم.
كۆزۈمگە بىر كۆرۈنمەيسەن، كۆڭۈلدىن ياكى چىقمايسەن.
فىراق دەردى فۇتۇلگەندۇركى فىشانىم، قارىنداشىم.
جۇدالىق دەردى بىرلەكىم، كۆڭۈلنىڭ تاقەتى يوقدۇر،
يىتىشمەيدۇر ساڭا بۇ نەۋھۇ ئەفغانىم، قارىنداشىم.
فەلەك كەجرەۋلىقىدىن دەردۇ غەمگە مۇبتەلادۇرمەن،
دىگىلكىم سىنى سورماق خەيرۇ ئىهسانىم، قارىنداشىم،
ئىبەرمەككە تۇزۇك ـ لايىق نىمەرسە تافمادىم تۇهفە،

ساڭا تۇھفەم ياشىمدۇر، ئەي ئەزىزانىم قارىنداشىم.
ئىرادەدۇر ئەجەب ئۆلمەي تۇرۇپ بىز ئايرىلىپ كەتتۇك،
كۆڭۈلدىن ئايرىماسمەن بولسە ئىمكانىم، قارىنداشىم.
بۇ كۆڭلۈم ئىچى پۇر غەمدۇر غەمىڭدىن ئۆزگە غەم يوقدۇر،
سىنى كۆرگەندە قالماس غەم، ئەزىزانىم قارىنداشىم.
ھەياتىم ئەترى خۇشبۇيۇم، مەماتىمدا دۇئاگويۇم،
ۋە خۇشروي، ياخشى خۇشخۇي گۇلى رەيھانىم، قارىنداشىم،
قۇرۇق تىل بىرلە يازدىڭ بىر قارىنداشنامە، ئەبدۇللا،
دىمەسمۇ تۇھفەگە ئىچى ئىچىشتانىم قارىنداشىم.

## قارىنداش

كىلىپ دەردىم سوراپ يەتسەڭچۇ ھالىمغە، قارىنداشىم،
قالۇرسەن سورماساڭ ئاخىر ۋەبالىمغە، قارىنداشىم.
ئەزەل كۇندە يازىلمىش بىز تىرىكلىكدە جۇدا بولماق،
سەبەب نىدۇر فەلەك بەدكار زالىمغە، قارىنداشىم.
سىنىڭسىز ھىچ يارۇغلۇق يوق كۆزۈمگە ھەر قايان باقسام،
خۇدادىن ئۆزگە كىم يەتكەي بۇ نالىمغە، قارىنداشىم.
ئۆزۈڭدىن ئۆگەسىنى بىر نەزەرگە ئالماغۇم سەنچە،
مەگەر بەرمەس سىنى كۆڭلۈم بۇ ئالەمغە، قارىنداشىم.
ئەگەر بولسە ماڭا سەندەك قەدىم غەمخار بىر مۇنىس،

ئالاي ھەر بىر سۆزىنى قانچە مالىمغە، قارىنداشىم.
ئەجەب ياخشى مۇھەببەتلىك كۈرەشلىك بىر رەفىق ئىردىڭ،
ئەسىز سەندىن قالىپ ئۆتكەن بۇ سالىمغە، قارىنداشىم.
سوراپ باقسام خەلايىقدىن قارىنداش تافىلۇرمۇ دەپ،
جەۋاب بەرمەس كىشى ھەرگىز سۇئالىمغە، قارىنداشىم.
كېچە ـكۈندۈز تەلەبكارىڭ ئىرۇرمەن كۆرگەلى مۇشتاق،
كېلىپ فاتراق مېنى يەتكۈز ۋىسالىمغە، قارىنداشىم.
مۇيەسسەر بولماسە ۋەسلىڭ مېنىڭ ھەم ئۆلگەنىم شولدۇر،
سەبەبدۇرسەن ئەگەر ئۆلسەم زەۋالىمغە، قارىنداشىم.
مۇبادا سەن ئاتام بىرلە ئانامنىڭ نەسلى دەپ كۆرسەڭ،
يېتەرمەن ئىلتىفاتىڭدىن كەمالىمغە، قارىنداشىم.
قارىنداشىنىڭ جەمالىدەك جەھان باغىدا گۈل بارمۇ،
نە باقمايسەن تىكەن گۈل دەپ جەمالىمغە، قارىنداشىم.
كىشى ھېچكىمنى بىر تۇغقا قارىنداشدەك سېغىنغايمۇ،
سېنى كۆرگەندە كەلگەيمەن مەجالىمغە، قارىنداشىم.
بىراۋنىڭ مىڭ قارىنداشى ئۆزىنىڭ بىرگە يەتكەيمۇ،
نە سۆزنىڭ تەھتىگە يەتكەي، نە ھالىمغە، قارىنداشىم.
كىشىنىڭ مىڭ قارىنداشىنى مەن بىرگە تېگىشمەسمەن،
ئۇلار تەڭدۇر فۇچۇق سىنغان سەفالىمغە، قارىنداشىم.
سېنىڭ غەيرىڭ يۈزى، قاش، كىرفىكىيۇ باشىدا ساچى،
قاچان تەڭ بولغۇسى بىر تال ساقالىمغە، قارىنداشىم.

قارىنداشىم تەرەفدىن كەلسە بىر قارغە قاياشىمدۇر،
تەڭ ئىرمەسمۇ ئىتتىك ئەھىل ئەيالىمغە، قارىنداشىم.
ئەگەر كۆرمەي سىنى، ئاخىر جانىمنى ئالسە ئول قادىر،
مۇبادا قالماغايسەن بۇ كەشالىمغە، قارىنداشىم.
دېگەيسەن: ۋاي قارىنداشىم، بۇ شىرىن جاننى بەرگەندە،
نەخىش ئوخشار، نە بىگانە مىسالىمغە، قارىنداشىم.
مۇنى مەخفى تۇتاي دەرمەن كۆڭۈلگە ئەسلا سىغمايدۇر،
فۇتەي دەپ كەلدىلەر كۆپ سۆز خەتالىمغە، قارىنداشىم.
ئەگەر كەلسەڭ مەن ئۆلگەندە جىنزام ئىچرە ئايتۇرمەن،
كۆرۈپ: «ھارماڭ قارىنداشىم، قارىنداشىم، قارىنداشىم!»
تىرىكلىكدىن نىشانە بەردىڭ، ئابدۇللاھ، قېنى تۇھفەڭ،
تەرەھھۇم بارمۇ دۇر قەددى نىھالىمغە، قارىنداشىم.

## فەرزاند

خۇدايىم بەندەلەرگە بەردى ئەمرىنى تۇتار فەرزەند،
بۇيۇرغاننى قىلىپ ئاش ـ ناننى تاپسە يۇتار فەرزەند.
ئاناڭ مىھرىنى سالىش ھەق ئاتاسى ھەم ئاناسىغە،
تىلى يوق تۇغۇلۇپ چوڭ بولغانىدا سۆز ئۇقار فەرزەند،
فۇتى يولغە، قولى ئىشقە، تىلىكىم كەلسە ئىمانغە،
كۇلۇپ شەھتۇتىدەك سۆزلەپ بىرىپ، ئويناپ تۇرار فەرزەند.

www.uyghurkitap.com

ئىرۇر ھەقنىڭ قۇلى، جەننەت گۇلى ھەم بۇلبۇلى دائىم،
ئۆزى مەتلۇب، يۇزى مەھبۇب، سۆزى مەرغۇبمۇ بار فەرزەند.
ئاتاسىنىڭ قاناتىدۇر، ئاناسىنىڭ نەباتىدۇر،
ئىكەۋلەنىنىڭ ھەياتىدۇر مۇدام ھەمراھ بولار فەرزەند.
ئانىڭ ئولتۇرغانى خىزمەت، ئەيالى بارغە كۆپ خىسلەت،
ئاتاسىدىن ئالۇر قىسمەت، ئانى گۆردە قويار فەرزەند.
بالاسى بار كىشى قىلغان دۇئانىڭ مۇستەجايى بار،
يەنە ھەر مۇددەئاسى بار ئاڭا بولغاي دۇچار فەرزەند.
ئىرۇر فەرزەندلەر زىينەت، خۇدا قىلغان ئانى قىيمەت،
ئوقۇتسە ئىلمى گەۋھەردىن دۇكانلارنى قۇرار فەرزەند.
ئوقۇپ فەرزەندى ئالىم بولسە ئەجرى بىنىھايەتدۇر،
قىيامەت كۇنىدە ئەۋۋەلقى سەفىنراق قوفار فەرزەند.
بۇ سۆزنىڭ راستلىقىغە كۆپ ھەدىسلەر بار كىتابلاردىن،
ھەمە تابىئلارنى ئاندا دەۋزەخدىن تۇتار فەرزەند.
ئاياغى ئىلىمنى دەپ بولسە تۇفراق بىرلە ئالۇدە،
ھەرامدۇر جىسمىغە دەۋزەخ، بۇ سۆزلەرگە ئۇنار فەرزەند.
مۇبادا قارى يا غازى ۋەيا ھاجى بولۇپ ئۆلسە،
بۇ قىلغان ئەجرىنى تاڭلا قىيامەتدە ئۇيار فەرزەند،
ئەگەر كەززاب، ھەرامخور ياكى فاسىق بولسە ئەۋلادى،
ئوشۇل مەھشەر كۇنىدە ئىت ـ ئىشەكلەردىنۇ خار فەرزەند.
بولۇپ ئول يەردە دەرماندە، قىلۇر بارچەنى شەرمەندە،

ھەمىشە بولغاي ئەرمانده، ئەزىز جاندىن تويار فەرزەند.
ئاتاسىنىڭ سەناجويى، ئۆلۈپ كەتسە دۇئاگويى،
ئەجەب يىدلىقغىنا بۇيى، خەلايىقدىنمۇ يار فەرزەند.
بۇلاربىرلە ئۆيى ئاباد، كۆڭۈل غەمدىن بولۇپ ئازاد،
ئۇلار يوق بولسەلەر ناشاد ئەقەلى بەر قۇتار فەرزەند.
خۇدانىڭ لۇتفۇ ئىھسانى بىلەن ياخشى ئەتاسىدۇر،
دۇئانىڭ بەرەكاتى بىرلە ئورنىدىن قوفار فەرزەند.
ئاتا بىرلە ئاناشىغە كىشىكىم گىم يەتكۈرسە،
ئوشۇنداغ دۇشمەننى كاف تۇتۇپ گالدىن بوغار فەرزەند.
بەھار بولسا ئاتاسىنىڭ زىرائەت ئىشىدا ھەمدە،
زەرەر ئۇرغان كىشىلەرنى تۇتۇپ مۇشلاپ ئۇرار فەرزەند.
زىغىر، زاغۇن، قوناق، بۇغداي، تېرىق، شال، ئارفە، فۇرچاق، ماش،
تېرىپ قوغۇن بىلەن تاربۇزنى تۇبىدىن ئۇلار فەرزەند.
زىرائەتكە ئۇلاغ كىرسە ئانى دەرھال ئۇرۇپ ھايداپ،
قاشىغە ئىگەسى كەلگۈنچە ھاۋلىغە سۇلار فەرزەند.
ئۇنۇپ چوڭ بولسە ئول يەرگە تېرىغان ئاشلىقى بىر كۈن،
يۇلۇپ غەيرى گىياھلار بولسە كۆپ ياخشى ئوتار فەرزەند.
ھەمە ئەھلى ئەيالى ئول زىرائەتنى ئوتاپ قويسە،
يەنە ئايتۇر: «زىغىر بىرلە قوناقلارنى سۇغار، فەرزەند.
قاچان كۈز فەسلى بولغاندا زىرائەت بارچە پىشقاندا،

كېلىپ ئويغاق[1] بىلەن ئاندا تېرىغاننى ئويار[2] فەرزەند.
قوناقلارنى ئۆزۈپ يا ئۆزدۈرۈپ ئەتسە ئاشا خىرمان،
ئۆلۈغ ـ ئۆششاق كېلىپ زوڭ ئولتۇرۇپ بىردىن سويار فەرزەند.
قۇرۇپ قالسە قوناقلار يەنە نەچچە كۈنمۇ ئۆتكەندە،
ئاشا دۇمبال بېرىپ شالنى چاناق بىرلە سوقار فەرزەند.
كەفەزلەر ئاچىلىپ ئۆيدە خوتۇن ـ قىزلار بىلەن تەرگەچ،
قولىنى توشدۇرۇپ ھەر كۈن ئېتىزلىقغە قونار فەرزەند.
ئاتاسى ھەم ئاناسى بويرۇغان فەرمانىچە ھەر كۈن،
ھەمە ئىشنى قىلىپ كەچ بولسە ئۇخلاپ كۆز يۇمار فەرزەند.
ۋە نەچچە كاسىب ئوغلانلار ھۈنەر قىلغاچ ئاتاسىغە،
ئانى بازاردە ساتسە خۇب ھەياندىن فۇل قوشار فەرزەند.
ۋە بەئزىلەرنىڭ ئوغلى سوداگەرلىك قىلدىلار دائىم،
ھەيان يېدى قاياندا شول تەرەفلەرنى بودار فەرزەند.
ۋە بەئزى بالالار مەنسەب تۇتىپ كۆپ ئابروي ئالغاچ،
خەلايىقلارنىڭ ئەرزى بولسەلەر ئاشلاپ سورار فەرزەند.
فەقىرلىق كوچەسىدە قانچەسى باقتى ئاتاسىنى،
يېمەككە فارچە نان، كىيمەككە يۇرتۇق خام چوتار فەرزەند.
گەدالىق كويىدا بەئزەن يىگىتلەر ماشدى خىزمەتتە،
خەلايىغقە چالىپ بەرگەن رەباب، تەنبۇر، دۇتار فەرزەند.

---

[1] ئويغاق ــــ ئورغاق
[2] ئويار ــــ ئورار

ئاتا بىرلە ئانانىڭ خىزمەتىدەك ياخشى ئىش بارمۇ،
بۇ خىزمەت بىرلە دەۋلەت تاپسە خۇب ئېگىز مۇنار فەرزەند.
كىشى فەرزەند قەدرىنى بىلىپ ئۆتمەس ھەياتلىقىدا،
ۋە ئەبزەن ئاتانىڭ بەرگەن ئاشىنى يەپ قۇسار فەرزەند.
ئاتاسى يا ئاناسى قىلسە ناگاھ بىر زەرەر ئىشنى،
قاشىدا ئوغلى ئاقىل بولسە ئول ئىشنى بۇزار فەرزەند.
قاياندا ئاڭلاسە بىر فايدالىقنىكىم ئاتاسىغە،
ئوشۇل يەرگە باراي دەپ ئاندا لاچىندەك ئۇچار فەرزەند.
بارىپ كەلگەندە سورسە: بىزگە قانچە فايدا باردۇر دەپ،
بۇ يەردىن سۆز ئۇزالتىپ قىسسەنى لەڭمەن سوزار فەرزەند.
مۇبادا سودەلىقلاردىن زەرەر يەتسە بەيان ئەيلەپ،
دېگەيكىم ئاتاسىغە فايدالىق يوقدۇر بۇ بار فەرزەند.
خۇسۇمەت قىلسە دۇشمەنلەر جەدەل ئەيلەپ ئۇلار بىرلە،
ئاتا بىرلە ئاناسىغە قىلۇر ئانى چوقار فەرزەند.
كۆڭۈلنىڭ دەردىغە تەسكىن بېرىپ قويسە ئانى ئاڭلاپ،
بۇ قاتتىق ئاچچىغى بۇ سۆزدىن ئەلبەتتە بوشار فەرزەند.
ئىبەرسە ئانى تويغە ياكى نەزرۇللاھغە بارغىل دەپ،
لېگەنگە ئۆزگە مىھمانلاردىن ئىلگىر قول سۇنار فەرزەند.
ئانىڭ ھەمراھلارى ھەر بىر كەفام يەپ بولغۇچە ئاشنى،
ئالىپ گوشتىنى ئىلغاپ ئاشنى قارماللاپ بولار فەرزەند.
بۇ مىھمانلارنىڭ ئالدىدا چىنى- چاي، دۇغ - قېتىق قويسە،

بۇ سىنچاينى ئىچىپ ھەم ئۇل قىتىقلارنى شويار[1] فەرزەند.
قاچان فارۇغ بولۇپ يانماقغە ئۆيدىن چىقسەلەر ناگاھ،
رۇكۇئ قىلغان مەسەللىك خوبلاشىپ ئاندىن ئۇزار فەرزەند.
يەنە ئۇششاق ئەياللار مېۋە، ئاش ـ نان دەپ قىلىپ دەئۋاي،
يېمىش يەپ ئەركەلەپ ئويناپ ئاتاسىنى يونار فەرزەند.
ۋە ھەركىمنىڭ يۇسۇف بىرلە زىلەيخادەك بالاسىدىن،
ئۆزىنىڭ ياخشىراقدۇر بىر چولاق بىرلە توكار فەرزەند.
ئانى ھەقدىن ئەتا، قولغە ئەسا، نەغمە ـ نەۋا دەرمەن،
باقىپ گەردەنگە مىندۇرگەندە بوينىغە تۇمار فەرزەند.
خۇداغە شۇكرى، ئابدۇللاھ، سېنىڭمۇ بىر ئەيالىڭ بار،
ھەيات بولساڭ ئۆيۈڭدە ئاغاچاڭ قانچە تۇغار فەرزەند.

## نەبرە

خۇدانىڭ لۇتفىدىن چوڭ بولسە فەرزەندى تۇغۇپ نەبرە،
ئاتاسىنىڭ ئاتاسىنى بوبامدۇر دەپ ئوقۇپ نەبرە.
ئېرۇر فەرزەندىنىڭ جانى، كۆڭۈلنىڭ خۇشلۇقى كانى،
يېگەن ئاشى غەنىيمەت ئالدىنى يىغلاپ توسۇپ نەبرە.
تومۇچۇق سايراغاندەك سۆزلەرى ھەم بۇلبۇلى گويا،
قىزىل ئالما ـ ئاناردەك چىقىپ ئالدىدا تۇرۇپ نەبرە.

---
[1] شويار ـــ سورار

بوبام دەپ يۈگۈرۈپ ئالدىغا كەلگەننى دېگەيلىكمۇ،
كېلىپ ئولتۇرماقچى دەرھال قۇچاقىغا قونۇپ نەبرە.
ئۆزىنىڭ ئەھلى ئەۋلادى ئېرۇر ئۆي ـ خانە ئابادى،
ھەمىشە كۆڭلىنىڭ شادى يېمىشلارنى چوقۇپ نەبرە.
كۆڭۈللەرنى قىلۇر رەۋشەن، ئۇلاردىن ھەم بولۇپ خۇرسەند،
ئاشى ھەلۋا ۋەيا گۇلقەند بولۇر يېسە تونۇپ نەبرە.
ئۇرۇغ ـ ئەۋلادلارى كۆپ بولغۇچىنىڭ ئاتى ئۆچمەسلەر،
بۇ باسىغا خۇسۇمەت قىلغۇچىلارنى سوقۇپ نەبرە.
بۇلار ئابادىغا يەتسە فۇتۇن بىر يۇرت ئۇلارنىڭدۇر،
جەھاندىن ئۆتكۇسى ئاش ـ نان تاپىپ چايناپ يۇتۇپ نەبرە.
خۇدا بەختىنى بەرسە بىر شەھەرنىڭ ئۇلۇغى بولغاي،
جەزاسىنى بېرۇر ھەربىر يەمانلارنى تۇتۇپ نەبرە.
مۇبادا تالىئىنىڭ يوقىدىن يۇرسە گەدالىقدا،
يېگەننى ئاتاغاي بىر كۇن ئەگەرچە ھەم جۇنۇب نەبرە.
ئەگەر ھەق رەھمەتى بىرلە ئۇلار بولسە سەئادەتمەند،
ئوقۇپ ئالىم بولۇر كۆپ ئىلىم كۆڭلىگە يۇقۇپ نەبرە،
مەھالدۇر نەبرە كۆرمەك ئەمدى سەن بىچارە، ئابدۇللاھ،
دۇئا قىلغاي ئىدى بولسە سېنى گۆردە قويۇپ نەبرە.

## ئوغۇل

بەردى تەڭرىم بەندەگە ياخشى دىيانەتلىك ئوغۇل،

ئاتا ـ ئانا ھەققىغە قىلماس خىيانەت ئۇغۇل.
بولماسە فەرزەندى فاسىق، ئوغرى، يالغانچى، ھەرىپ،
ئاقىبەت شول بولغۇسى تەۋفىق ـ ھىدايەتلىك ئوغۇل.
نارەسىدە ئوغلى كۆڭلى ئارامىدە بولسە ساق،
تەڭرىنىڭ بۇ ئالەمىدە شول ئىقامەتلىك ئوغۇل.
يەتسە فەرزەندى بەلاغەتكە ھەمە مەقسۇد بۇدۇر،
ئاتاسىغە ھەقتەئالادىن ئىنايەتلىك ئوغۇل،
بارچە ئوغلانلار ۋەزىردۇر ئۆزگەلەردىن بىنەزىر،
كۆپ غەنىدۇر يا فەقىر مۇھىمى كىفايەتلىك ئوغۇل.
ئۆيدە غەمخاھ، يولدا ھەمراھ، ئاتاسى شاھ بۇ سىپاھ،
ياخشى ئىشنى تاپسە قىلماقغە ئىرادەتلىك ئوغۇل.
ئاتاسىغە ئىتتىفاق گاھ ئىختىلاف يوللار بىلەن،
ھەر نېچۇك بولسە ھەر ئىشدا خۇب تىجارەتلىك ئوغۇل.
خەلق ئاراسىدا ئاتاسىنى ئاتاندۇرغان سۆزى،
فايداسى ئۆيىنىڭ ئىچىدە ھەم بەغايەتلىك ئوغۇل.
ئىلمىنى دەپ بەئزى فەرزەندى ئوقۇپ ئالىم بولۇر،
موللا بولغانلار بۇ دۇنيا ھەم قىيامەتلىك ئوغۇل.
پاكى قۇرئان ياد قىلىپ بولغاي بۇ قارى ئاخنۇم،
ھەمە مەجلىس ھەم نەمازدا خۇش قىرائەتلىك ئوغۇل.
پەئزىلەرنىڭ ئوغلىنى كۆرسەك دېگەيمىز ھەزرەتىم،
ئىستىقامەتدىن دۇئاسى كۆپ ئىجابەتلىك ئوغۇل.

مەقسەدى شۆھرەت ئۈچۈن يۈرگەن ئوغۇل ئىشان بولۇر،
خانەقادا چېھرە «ھۇ» بىرلە ئىبادەتلىك ئوغۇل.
شۇبۇ ئىشانىمنى كۆرگەن باللار بولغاي مۇرىد،
بولغۇسى خەلفەم بۇ ئىشانغە ئىنايەتلىك ئوغۇل.
بار بۇ خەلفەمنىڭ يانىدا يۈزدىن ئارتۇقراق سۇفۇم،
ھېچ شەرىئەتسىز تەرىقەتكە ئىتائەتلىك ئوغۇل.
ھەر كىشىنىڭ بولسە فەرزەندى ئاڭا ئىككى قانات،
بۇ قاناتلاردا ئۈچۈرماقغە بىشارەتلىك ئوغۇل.
تېرىسە بۇغداي، قوناق، شال، ماش، كەفەز، ئارفە، تېرىق،
لوبىيا، فۇرچاق، زىغىر، زاغۇن ــــ زىرائەتلىك ئوغۇل.
بەئزى ئوغلان خەلقنى قوغلاپ يۈرۈر بازارغەچە،
خەلق مالنى مەندىن ئالغاي دەپ خىيانەتلىك ئوغۇل.
بەئزىنىڭ فەرزەندى كاسىبلىقنى قىلدى ئىختىيار،
ئاتاسىغە يارى بەرگەچ بۇ ھىمايەتلىك ئوغۇل.
ھەر كىشىنىڭ نەچچە ئوغلى بولسە جانى شۇنچەدۇر،
گاچا ھەم بولسە ئەگەر قولغە ئىشارەتلىك ئوغۇل.
ئاتا بىرلە ئاناسى ئۆلسە نەمازىنى ئوقۇپ،
گۆردە قويغاچ قەبرىنى ھەركۈن زىيارەتلىك ئوغۇل.
نەزرەسىنى بېرىپ ئاندىن قاراسىنى ئۈشاتىپ،
كەڭرۇ ئاش ـ گوشت بىرلە مېھماننى زىيافەتلىك ئوغۇل.
نەچچە يىللار ئاتا بىرلە ئاناسىنى سېغىنىپ،

ئىككىسىنىڭ سۆزىنى ئايتىپ ھېكايەتلىك ئوغۇل.
كىم ئۇلار بىرلە ئەداۋەتلىك ئانى دۇشمەن تۇتۇپ،
قايدا بارسە ئانداغ ئادەمنى شىكايەتلىك ئوغۇل.
بۇگۇن ـ ئەرتە ئۆلسەڭ، ئابدۇللاھ، سېنىڭ ئوغلۇڭمۇ يوق،
گۆردە بولغايسەن دۇئاسىز كۆپ بىتاقەتلىك ئوغۇل.

## قىز

خۇدانىڭ سۇنئىنى دەفتەر قىلىپ بۇ قۇل فۇتەرلەر قىز،
نېچۇككىم بارچە مەزلۇملار ئاراسىدا بۇ سەرۋەر قىز.
كىشىگە قىز ئەيال فەرزەندلەرنىڭ چىلگەسى بولمىش،
ئاتا بىرلە ئاناغە ئۆيدە بىر ساھىب سۇخەنۋەر قىز.
جەھاننىڭ ئۆيلەرىنى كۆرسە قىز بىرلە ئېرۇر ئاباد،
چەراغنى ياندۇرۇپ ئاخشام قىلۇر ئۆينى مۇنەۋۋەر قىز.
ياراشۇر ئوسمە قاشىغە ۋەيا گۇل قىسسە باشىغە،
جەۋاھىر ئاسسە ساچىغە بولۇر يىدلىق گۇلئەنبەر قىز.
باشىدا سەكىلەك بىر جۇفت كۆرەر كۆزلەر ئانى مەھبۇب،
كۆلدە ھەممەگە مەتلۇب ئوغۇلدىنمۇ ئۆتەرلەر قىز.
كۆزى سۇنبۇل، سۆزى بۇلبۇل، يۈزى گۇل، ئاغزى فۇل، ھەييات!
سەدەفدەك تىشلارىنى كۆرسەتىپ بەئزەن كۇلەلەر قىز.
تۇغۇلسە قىز ـ ئەيال تەگرى تەئالانىڭ ئەتاسىدىن،

خۇدا بەختىنى بەرسە خەجلەگەي فۇلنى تۆمەن سەر قىز.
كىشىكىم قىز ـ ئەيالىنى باقىپ كۆپ تەربىيەت قىلسە،
بۇ قىلغاننى ئۇنۇتماي ئانداغ ئاددەمگە كۆيەرلەر قىز.
كىشىنىڭ قىزىغە ھەر كىم يامانلىق قىلسە بىۋەجھى،
ئانى بىر ئاڭلاسە قىرغال كەبى ئاندىن ھۆكەرلەر قىز.
ئاڭا كىم ياخشىلىق قىلسە ئۆزىگە قىلغانى شولدۇر،
ئۇشۇنداغ كىشىدىن كۆپ خۇش بولۇپ يىلداپ سۆيەرلەر قىز.
ئاتا بىرلە ئاناسىنىڭ تىرىك ئايرىلماسۇن ھەرگىز،
ئەگەر ئايرىلسە يىغلاپ كۆزلەردىن ياش تۆكەرلەر قىز.
بۇ قىز بىچارەلەر ناگاھ ئۆگەينىڭ قولىدا قالسە،
چىرايى سارغارىپ ئۇمرى مۇشەققەتدە ئۆتەرلەر قىز.
ئەگەر بولسە كۆرەشلىكراق قارىنداشىنىڭ ئالدىدا،
ئانىڭ كۆڭلى چەگىلمەي ھەر كۇنى تەبئى ئۆسەرلەر قىز.
باقىپ ھەر كىم ئانىكىم پەردەئى ئىسمەتدە چوڭ قىلسە،
خۇدايىم بەرسە ياخشى ئادەمىيلەرگە تۇشەرلەر قىز.
جەھاننىڭ قىزلارىغە سەن كۆدۈڭنى قويمە، ئەبدۇللا،
سىنى كۆرسە فۇخاق ساھىب كىلىپدۇر دەپ بۇكەرلەر قىز.

## كۇيەۋ

مىھىر شەفقەتدىن خوتۇنلارنى بىقىشلىقدۇر كۇيەۋ،
قايىسى خاتۇن ئەرگە تەگسە خۇش يىقىشلىقدۇر كۇيەۋ.

ھەق تائالانىڭ ئەتاسىدۇر خوتۇنلارغە ئىرى،
قىشۇياز خاتۇنغە ئىشلەپ فۇل تېفىشلىقدۇر كۇيەۋ.
ئاغاچام توڭدى ساۋۇقغە دەپ ئىگىنىنىڭ غەمىدە،
ئانىڭ ئۇتىگە مەتائىلارنى يېفىشلىقدۇر كۇيەۋ.
نازۇنېئمەت ئۆي سەرەمجانى بىلەن ھازىر قىلىپ،
فىشتۇرۇپ بەرگەننى يەپ تۇزنى تېتىشلىقدۇر كۇيەۋ.
يەپ - ئىچىپ فارۇغ بولۇپ ئىش بولسە دەرھال قىلدۇرۇپ،
ھەر تەرەفكە بارغالى ئاتدك چېفىشلىقدۇر كۇيەۋ.
ئۆزگەلەر بىرلە جەھانسازلىق قىلىپ ئاندىن يانىپ،
شول يەرىدىن ئۆزىنىڭ ئۆيىگە كېتىشلىقدۇر كۇيەۋ.
كەتسە ئاندىن بارغانچە ئەندەكى ئارام ئالىپ،
خوتۇنىنىڭ يانىدا بىللە يېتىشلىقدۇر كۇيەۋ.
كېچە ھەم خىزمەتكە سالسە ئالمەلىقدا ئالماخان،
باغ ئىچىدە كۆڭلىنى كۆپ خۇش ئېتىشلىقدۇر كۇيەۋ.
يېگەلى ئۇن، گوشت، ياغ، سەي، چاي، گۇرۇچ، تۇز، گۇگۇت،
سۇ، ئوتۇننى تاپقالى ياخشى رەۋىشلىقدۇر كۇيەۋ.
يەنە ھەم بىر نەرسە بار يۇمشاق، مۇلايىم رەڭگى ئاق،
ئانى سورسە ئىسمىنى فىتە دېمىشلىقدۇر كۇيەۋ.
يەنە ھەم بارمۇ ياۋاش - يۇمشاق مۇنىڭدەك ئەۋلىيا،
ئاڭا كۆپ ئىخلاس قىلىپ كەفەر تېرىشلىقدۇر كۇيەۋ.
ئەر كىشىنىڭ تەئرىفى ئايتىپ تۆگەنمەس ھېچقانچان،

ھەممە قىلغان ئىشلارى ياخشى رەۋىشلىقدۇر كۈيەۋ.
تاپسە مەزلۇملار كۈيەۋنى ئاڭا ئول بولدى خوتۇن،
ئۆيدە يوقلارنى تافالغانچە بېرىشلىقدۇر كۈيەۋ.
بىلمەدى تا ئۆلمەگۈنچە ھېچ خوتۇن ئەر قەدرىنى،
ئاغاچام دەپ يۈز كۆرۈپ كۆڭلى ئېرىشلىقدۇر كۈيەۋ.
چافلادى بىزنى ئەزەل كۈند ئوشۇل بايتالغە ھەق،
مېھربانلىقدىن يۈرەكلەرنى يېرىشلىقدۇر كۈيەۋ.
ئېرنىڭ قەدرىنى ھېچ بىلمەس خوتۇنلارنى ئالىپ،
سەبر بىرلە كېچە يوتقانغە كىرىشلىدۇر كۈيەۋ.
ھەق ئىگەمنى ھەم مەلائىكلارنى بەرھەق بىلدۈرۈپ،
خوتۇننى مەئسيەتلەردىن يىغىشلىقدۇر كۈيەۋ.
ئۆلسەلەر گۆردە تىرىلمەك بىرە مىزان پىلسىرات،
سۆزلەرى جەننەت بىلەن دەۋزەخ ئېمىشلىقدۇر كۈيەۋ.
قايدا فۇل تاپسە ئانى بازارغە بىر كۈن ئافارىپ،
خوتۇنغە كۆڭلەك ـ ئىشتانلىق ئېلىشلىقدۇر كۈيەۋ.
بۆكچى ـ تەلفەك، راست قىرىم مەيسە ئانىڭغە كىيدۈرۈپ،
بەقەسەم بىرلە ئانى چاقىان قىلىشلىقدۇر كۈيەۋ.
ھەر قايانغە بارغانىدا خوتۇننى سېغىنىپ،
بەلباقى بىرلە ئانىڭ قوينى يېمىشلىقدۇر كۈيەۋ.
قايسى باغدا مېۋە كۆرسە ئاغاچام بار دەپ ئالىپ،
باغلىقى ئالمە ـئانار، ئۈزۈم، چېمىشلىقدۇر كۈيەۋ.

يېگەلى گوشت ـ ياغ تۆگەپ قالسە ئۆيدە، ھەر قاچان،
ئانى تافماقغە قوفۇپ ئۆيدىن چىقىشلىقدۇر كۈيەۋ.
بىلدى ئابدۇللاھنى ئەھلى ناشەكەر ھەم ئاق نەبات،
چۈنكى خاتۇنلارغە ئانداغ بىر بېقىشلىقدۇر كۈيەۋ.

## خوتۇن

تەڭرىنىڭ فەرمانىدىن ئەرگە تېگەر ئاقىل خوتۇن،
ئەرگە تەگمەي ئېرىنى ئالماغلىقى باتىل خوتۇن.
بەندەلەرگە ھەق تەئالانىڭ ئەتاسىدۇر ئۇلار،
ئەر كىشىنىڭ خىزمەتىد بارچەدىن قابىل خوتۇن.
بۇ خوتۇن بىچارەلەرنىڭ تەئرىفى بولماس تەمام،
ئەجر قىلسە تاڭلا ھەقغە بولغۇسى ۋاسىل خوتۇن.
ھېچ كىشى ئەسلا قىلالماس ئىشلارىنى شول قىلىپ،
ئۆزىنىڭ مەزلۇملىكىگە بولدىكىم قايىل خوتۇن.
كۈندۈزى سەيفۇڭۇ نانباي بەلكى ھەم ئاشفەز ئېرۇر،
كېچەلەردە سامسۇ ياقماقغە ئەجەپ كامىل خوتۇن.
ئۆيگە خىزمەتكارۇ ھەمراھ تۇغسە ئەرزان ئىنەكى،
بەئزى خىلۋەتدە مۇرادى بولغۇسى ھاسىل خوتۇن.
فاھ، ئانىڭ ئوتلۇق كۆزى، ۋاي ئاھ، ئانىڭ شىرىن سۆزى،
كېچەلەپ گوشتگىردە ياقماقدا ئەمەس جاھىل خوتۇن،

ئاندا ئىككى نەرسە بار: يۇمشاقغىنە، توم ـ ئاققىنە،
يۇمۇلاق ـ فومراقغىنە، تۇتقازغالى كاھىل خوتۇن.
ۋادەرىغ، ئول ئىككى نەرسە باغ ئىچىگە بەد ئىكەن،
ئاشكارا باغ ئىچىگە قىلماغاي داخىل خوتۇن،
باغنى ھەر كىم كۆرسە ھەيھات ياكى ھەي ـ ھەي ! دەپ قالۇر،
ئالمەسى ئاق يا قىزىلدۇركىم، ئەمەس تاغىل خوتۇن.
باغباغىدۇر شۇبۇ باغ بەندنىڭ بىھىشتتەك باغلارى،
باغقە بىزنىڭ قىلدۇرۇر شاشلىق بىلەن شامىل خوتۇن.
بارچە باغقە ئوڭچە، ئابدۇللاھ، ئۆزۈڭ شامىل ئەمەس،
ئوڭچەلىقنى قوي بۇ باغبەند سەندىن ھەم فازىل خوتۇن.

## قېيناتا

خوتۇنىنىڭ ئاتاسى ئاڭا دەۋامەت قېيناتا،
ئېرىنىڭ ھەم داداسى بولغاي نىھايەت قېيناتا.
قىزنى بەرگەن كۈندىن تا ئىككىسى ئايرىلغۇچە،
بالا ـ بارقام دەپ مەدەد ئەيلەر مەزارەت قېيناتا.
يەتسە فەرزەندى كۈيەۋ ئوغلىغە تەڭلىك يا كېسەل،
فايدەلىقلارغە ئانى قىلغاي دەلالەت قېيناتا.
فۇرسەتى يەتسە كۈيەۋ ئوغلىغە كۆپ يارى بېرىپ،
ئىش يولىنى خۇب بىلۇر ئەھىل فەراسەت قېيناتا.

يەتسە غەم ئەھلى جەھاندىن ئاڭا ھەم غەمخار ئولۇپ،
ھەر يەماننىڭ شەررىدىن قىلغاي سەلامەت قېيناتا.
قىزلارى بىرلە كۈيەۋ ئوغلى خۇسۇمەت قىلسەلەر،
بۇ جەدەلنى سورماقى ياخشى ئەدەلەت قېيناتا.
ئالدىغە بارسە ئانى كۆرمەك ھەمان شەفقەت قىلىپ،
كۆڭلىدە بىلگەي ئانى دەۋلەت ـ سەئادەت قېيناتا.
ئۆيىگە مېھمان بولۇپ كەلسە بۇ پىر ئالىيجەناب،
خىزىر پەيغەمبەرمۇ كىرگەنگە ئەلامەت قېيناتا.
ھەر قاچان فەرزەند تۇغۇلسە قىزىدىن يا ئوغلىدىن،
سۆيۈنۈپ ھەر كۈن ئاڭا قىلغاي رەفاقەت قېيناتا.
قاشىغە ھاجەت بولۇپ بارسە ئانىڭ فەرزەندلەرى،
ئاڭا مىننەت بىرلە يەتكۈزمەس مەلامەت قېيناتا.
ئىككى نان تافقان كۈنى بىللە يېسەك دەپ چىرلاسە،
كېلىپ ئۆيگە يەتكۈزۈر قانچە شەرافەت قېيناتا.
ساڭا، ئابدۇللاھ، شەرافەت يوق يەتمىدۇر ئاغاچاڭ،
ۋە كېلىن ئىككى ئاكاسى بار ھەماقەت قېيناتا.

## قېينانا

قايسى مەزلۇم قىزنى بەرسە ئاڭا شولدۇر قېينانا،
ياكى قىزنى ئوغلىغە ئالدۇرسە ئول زور قېينانا.

ئاناغە ياندىش ئانا ھەر ئىككىنى ئالداشقىنا،
كاللاسى چالباشقىنا سۆزلەردە غودۇر قېينانا.
قوفماقى ھەر كۈنى سەھەر، فىكرى ئانىڭ نەقىئۇ - زەرەر،
قىلماق كېرەك ئاندىن ھەزەر كۆرگەندە بول كور قېينانا،
مەئلۇم ئېرۇر ياخشى مىزاج ئىشلارگە بەرمىشدۇر رەۋاج،
يەقىنچىلىقغە نائىلاج ئىش ئوڭۇ سولدۇر قېينانا.
فەرزەند تۇغۇلسە نەبرەسى، بۇ نەبرەنىڭ كۆپ جەبرەسى،
باردۇر ئانىڭغە سەبرەسى، ئايتۇركى: قول يۇر، قېينانا.
بىر ۋەقت نەماز بىرلە سوفى، كۆڭلىدە كۆپ يارنىڭ ئوتى،
ھېچ توختاماس ئىككى فۇتى ھەم ئەگرۇ قولدۇر قېينانا.
ئايتۇرسەن ئەبدۇلاھ دەۋام: ۋاي ئاغا نازۇك ئايلاكام،
كەلسە كۈيەۋ ئوغلۇم - بالام دەپ، مۇندا ئولتۇر، قېينانا.

## كۈيەۋ ئوغلان

كىشى كىمنىڭ قىزىنى ئالسە شۇل بولغاي كۈيەۋ ئوغلان،
ئالىپ كەتسە قىزىنى دەركى: يول بولغاي كۈيەۋ ئوغلان.
ئۇلارنىڭ تەئرىفىنى قانچە ئايتسامىمۇ تۆگەنمەيدۇر،
تولاراق دوستلارىنىڭ ئالدى ئول بولغاي كۈيەۋ ئوغلان.
قىزىنى ئوسمە، گۇل بىرلە ياساپ قويماقدا مەئنى كۆپ،
ئەزىزدۇر قىزنى ئالغانغە گۆل بولغاي كۈيەۋ ئوغلان.

قىزنىڭ روزگارىدۇر، كۆڭۈلنىڭ نەۋبەھارىدۇر،
يۈرەردە ئالدى ـ ئارقە، ئوڭۇ سول بولغاي كۈيەۋ ئوغلان.
ۋە بەئزەن بالادىن ياخشى كۈيەۋ ئوغلانىمۇ ئارتۇقدۇر،
كىشى ھەققىنى ئاندىن تۇتسە قۇل بولغاي كۈيەۋ ئوغلان.
مۇباداكىم نىكاھىدىن قىزىنى چىقارىپ ئالسە،
خوتۇنسىز يالغۇز ئولتۇرماقدا تۇل بولغاي كۈيەۋ ئوغلان.
ئىگىنلىك تاپسەلەر پات تىكتۈرەلمەي نەچچە كۈن ساقلاپ،
كىيىپ يۈرگەنلەرى بىر ئاتغە جۇل بولغاي كۈيەۋ ئوغلان.
ئاخىر ئۆمرۈڭدە، ئابدۇللاھ، كۈيەۋ ئوغۇل كۆرەرسەنمۇ،
قاچانراق سەن قۇرۇقدىن قول ھۆل بولغاي كۈيەۋ ئوغلان.

## كېلىن

ھەر كىشىنىڭ ئوغلى چوك بولسە ئاڭا ھاجەت كېلىن،
خىزمەتى بولسە قىلۇر ئالدىدا ھەر سائەت كېلىن.
ئەر ـ خوتۇنلار بىر ـ بىرىگە بولسە ئۈلفەتلىك ئەگەر،
ئول كۈيەۋسىگە بولۇر جەننەتدەكى راھەت كېلىن.
ھەر قاچان كۆپ خىزمەتى يەتكەي ئۈلارگە نىسبەتى،
يار ئېرۇر خۇپ خىسلەتى تەڭرىغە بۇ تائەت كېلىن،
ئالدىدا قۇلدەكغىنە، ھۆسنى ئانىڭ گۈلدەكغىنە،
لەبلەرى فۇلدەكغىنە، خۇشخۇيلۇقى ئادەن كېلىن.

ئۆزىنىڭ مەتلۇبىدۇر ھەم كۆڭلىنىڭ مەرغۇبىدۇر،
بالانىڭ مەھبۇبىدۇر شەيتانغە بىر ئافەت كىلىن.
كىم كىلىننى كەلتۇرۇر ئوغلى ئانىڭغە تەلمۇرۇر،
خەير بۇ ئۆيگە بەلگۇرۇر مەقسۇدى بىر ئالەت كىلىن.
ئوغلىنىڭ ئەرمانى بۇدۇر يا سەدەف ـ مارجانى بۇ،
ئەردىن ئايرىلماقغە ھەرگىز قىلماغاي تاقەت كىلىن.
ئەسلا يوق ئوغلىغە ئابدۇللاھ ئانى تەئرىف قىلۇر،
ئاتامىزغە ئاغاچام ياخشى بەلەند قامەت كىلىن.